# دانشمند بالا



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇرمەھەممەت زامان

# دانىشمەن بالا

(شېئىرىي چۆچەكلەر)

Altunoq

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئۈرۈمچى — 1980

مەسئۇل تەھرىرى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

ۋاپاغا جاپا ........................................ 1
دانىشمەن بالا ........................................ 10
نەي ........................................ 28
كەنجى باتۇر ........................................ 46
شاھزادە ۋە ئۇنىڭ دوستى ........................................ 78
رەمبال ........................................ 128
قارىغاينىڭ نەسىھىتى ........................................ 144

# ۋاپاغا جاپا

بۇرۇنقى زاماندا بىر شاھ بار ئىكەن،
قۇشلارغا تولىمۇ ھەۋەسكار ئىكەن.

بۇ شاھنىڭ بار ئىكەن بىر قۇشى ھەيۋەت،
ئۇنىڭدا بار ئىكەن بىر خىل پەزىلەت.

سېزەركەن زىرەك قۇش ياخشى - يامانىنى،
زەھەرنى ھەم تەملىك: ئېسىل تائامنى.

كۆرگەندە تائامنى ئېچىلىپ - يايراپ،
"تاماق يەڭ" دەيدىكەن خۇش ئاۋاز سايراپ.



Altun Oq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەزگەندە تائامدا ئوغا ـ زەھەرنى،
تۇراركەن سايرىماي بىلىپ خەتەرنى.

دوستنى ۋە دۈشمەننى بىلەركەن قاراپ،
بۇ خىسلەت شاھقۇمۇ قاپتىكەن باراپ.
پادىشا بۇ قۇشنى چۈشەرمەي قولدىن،
ئايرىماس ئىكەن ھەر سەپەردىن ـ يولدىن.

بىر كۈنى پادىشا تۇرۇپ سەھەردە،
تاغلارغا كوز ساپتۇ (ئوزى شەھەردە).

تاغ ھىدى پۇراپتۇ دىماققا ئەجەپ،
قاپتۇ ئۇ كىيىكنىڭ گوشىنى ئەسلەپ.

قوندۇرۇپ ۋاپادار قۇشىنى قولغا،
چىقىپتۇ پادىشا ئاتلىنى      ىلغا.

كىيىكلەر كوپ جايغا بىردىشنى خالاپ،
مېڭىپتۇ پايانسىز ئۇيۇقۇقا قاراپ.

بىر يەرگە بارغاندا ئۇچراپتۇ بىر ئىز،
قوغلىشىپ مېڭىپتۇ ئاشۇ ئىزنى تېز.

بىپايان قۇملۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ،
پادىشا ئۆزىمۇ قاپتۇ بەك ھېرىپ.

ۋىژىلداپ كويدۇرۇپ كېتىپتۇ ئاپتاپ،
يا بىرەر سايىمۇ يوق ئىكەن شۇ تاپ.

تەشنالىق جىنغا ساپتۇ زۇلۇمنى،
ساقىتىپ بىقىپتۇ نەچچە تولۇمنى،

قالماپتۇ تامچە سۇ، كېتىپتۇ دەرمان،
سۇ تېپىش ئۈچۈن شاھ بېرىپتۇ پەرمان.

مېڭىپتۇ نۆكەرلەر خوپ دەپ شۇ ھامان،
سۇ ئىزلەپ قىدىرىپ، كېزىپتۇ ھەريان.

تاپالماي قايتىپتۇ سۇنى قانچىسى،
تېگىپتۇ ئۇلارغا شاھنىڭ قامچىسى.

تاش تاغنى ياقىلاپ بارسا ئىككىسى،
كەپتۇ - دە تامچىغان سۇنىڭ شەپىسى.

ئەتراپنى كەچ دىمەي ئىزلەپ كېتىپتۇ،
ئىزلىشىپ ئاخىرى سۇنى تېپىپتۇ.

قارسا، بىر ئىگىز چوققىدىن تىمىسپ،
چۈشەركەن زىلال سۇ كوزنى چاقنىتىپ.

يۈگـرۈپتۇ نوۋكەرلەر ئارقىغا قاراپ،
سۇ! دەپتۇ قۇرىغان لېۋىنى يالاپ.

خەۋەرنى يەتكۈزۈپ بىرىپتۇ شاھقا،
ھەممىسى ئۈچقاندەك كەپتۇ شۇ ياققا.

پادىشا ئالدىراپ كېتىپتۇ شۇئان،
بىرىپتۇ ھەممىگە يەنە بىر پەرمان:

"بىرىڭلار ئالدىدا ماڭا بىر قاچا،
ئۈنىڭدىن ئىچەي مەن قانغىچە راسا".

دەپتۇ ـ دە، پادىشا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ،
كوزىدىن ئوت چاقناپ لېۋى قۇرۇپتۇ.

تەشنالىق دەردىدە بولسىمۇ بىھۇش،
ھەممىگە سەپ سېلىپ تۇرىدىكەن قۇش.

ماك تەستە توشقۇزۇپ بىر قاچا سۇنى،
بىرىپتۇ ئىپكىلىپ شاھىغا ئۇنى.

قاچىنى پادىشا قولغا ئاپىتىكەن،
قۇش بىرنى قويۇپتۇ سول قانات بىلەن.

كېتىپتۇ قاچىدىن ئۇ سۇ تۆكۈلۈپ،
پادىشا "ئىست" دەپ قاپتۇ ئۆكۈنۈپ.

بۇيرۇپتۇ پادىشا قايتىدىن سۇغا،
يۈگرەپتۇ قاچىنى كۆتىرىپ دوغا.

كۆپ ئۆتمەي قاچىنى يەتكۈزۈپ كەپتۇ،
پادىشا بىر ئىچەي زەمزەمنى دەپتۇ.

ئوڭ قانات بىلەن قۇش يەنە بىر ساپتۇ،
ئىچەلمەي پادىشا ئارماندا قاپتۇ.

قۇشنىڭ بۇ قىلىغى ئۆتۈپ جېنىدىن،
ئاچچىق تەر چىقىپتۇ پۈتكۈل تېنىدىن.

"يولۋاسنى يەڭگەنلەر ئەمەس قەھرىمان،
ئاچچىقنى يەڭگەنلەر بولار پەلۋان".

ئويلاپ ئۇ خەلقنىڭ ئاشۇ سۆزىنى،
تۇتۇپتۇ ئاچچىقتىن ئاران ئۆزىنى.

ۋەزىرگە قايرىلىپ: "سۇ ئەكەل" — دەپتۇ،
ئۈچىنچى قېتىمۇ سۇنى ئېپكەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرغاندا پادىشا خىيالغا چوكۇپ،
تاشلاپتۇ ۋاپادار قۇش يەنە توكۇپ.

قاچىسى تاراڭلاپ چۈشۈپتۇ يەرگە،
پادىشا غەزەپتىن چومۇپتۇ تەرگە.





AltunOq

بېرەلمەي قاپتۇ ئۇ ئاچچىغىغا هاي،
بۇ نىۋەت، ئۆزىنى زادى باسالماي.

ئۈرۈپتۇ قۇشنى ئىگەر قېشىغا،
تېگىپتۇ چىڭ ياغاچ قۇشنىڭ بېشىغا.

شۇ هامان چىرايلىق بۇ قۇش ئۆلۈپتۇ،
دەھشەتلىك ۋەقەنى ھەممە كۆرۈپتۇ.

پادىشا بىر هازا بولۇپتۇ غەمكىن،
ئويلاپتۇ بۇ ئىشنى ئولتۇرۇپ تەمكىن:

"ئىچكىلى قويمىدى قۇش سۇنى ئەجەپ،
نىمىشقا توكتى - ھە، زادى نىمە گەپ؟

چۈشەنمەي قالدىمۇ ئۇنىڭ تىلىنى،
يا بىلمەي قالدىمۇ ياخشى دىلىنى؟"

خىيالدىن كاللىغا كەپتۇ بىر گۇمان،
قاپلاپتۇ كوڭلىنى غۇۋالىق، تۇمان؛

ئورنىدىن دەس تۇرۇپ پادىشا شۇئان،
بېرىپتۇ غەزەپتە بىر ئەمىر پەرمان:

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى www.uyghurkitap.com

— تېپىڭلار سۇ كەلگەن مەنبەنى دەرھال،
مەيلى جان كەتسىمۇ قىلىپ بىر ئامال.

— خوپ! — دەپتۇ كوپچىلىك تاراپ ھەرياققا،
بەك تەستە يامىشىپ چىقىپتۇ تاققا.

كورگەندە مەنبەنى قاپتۇ بەك ھەيران،
ئەس - ھۇشىن يوقىتىپ بوپتۇ پەرىشان:

ئوڭكۇرنىڭ ئىچىدە ئاغزىنى ئېچىپ،
بىر مەخلۇق ياتارمىش زەھرىنى چېچىپ؛

تۇرارمىش كوزلىرى ھەريانغا بېقىپ،
جاۋغايدىن ئوغىسى تۆۋەنگە ئېقىپ.

قېچىپتۇ نوۋكەرلەر بۇ ھالنى كورۇپ،
ئاللاغا نالە قىپ، ھەر يانغا ھۇرۇپ.

ئېسىلىپ تاشلارغا چۇشۇپتۇ يېنىپ،
شاھىغا ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ كېلىپ:

"ئىچكىلى تاس قاپسىز ئوغىنى، شاھىم،
ساقلاپتۇ ھىلىمۇ قادىر خۇدايىم.

چىرايلىق قۇشىڭىز توغرا قىپتىكەن،
تامچىغان سۇ ئەمەس بىر ئوغا ئىكەن!“

ئاڭلىغان چېغىدا خەۋەرنى شاھى،
ئالەمنى بېسىپتۇ پەريادى - ئاھى.

چىدالماي ئۆزىنى ھەريان ئېتىپتۇ،
قۇشىغا ئوكۇنۇپ يىغلاپ كېتىپتۇ:

”ۋاي ئىست، ۋاپادار، كۆيۈمچان قۇشۇم،
بىلگەندە قەلبىڭنى يوقالدى ھۇشۇم.

سەن قىلساڭ ياخشىلىق ئىشەنمەپتىمەن،
كورسەتكەن ئەقلىڭنى چۈشەنمەپتىمەن.

ئەمدى مەن سېنىڭسىز قانداق ئوتىمەن،
پۇشماندىن ئەبەتكە زەھەر يۇتىمەن......“

قىلىسمۇ سەزگۈر قۇش شاھىغا ۋاپا،
ساپتىكەن پادىشا ئاشۇنداق جاپا.

”ۋاپاغا جاپا“ دەپ سوز تارقاپتىكەن،
بۇ تەمسىل خەلققە شۇندىن قاپتىكەن.

# دانىشمەن بالا

شاھ قايتىپتۇ شىكاردىن خوشال
خاسىيەتلىك كۆنلەرنىڭ بىرى.
ئەتراپىدا قىزغىن سوزلىشىپ
كېلىدىكەن ۋەزىر - نوۋكىرى.

پۈزۈر ئىكەن شاھنىڭ لىباسى
قامەتىگە زەپمۇ ياراشقان.
يالت - يۇلت قىلىپ كوكسىدە زۈننار
كوز چاقنىتىپ نۇرلارنى چاچقان.

قارايدىكەن زۇقمەن كوز بىلەن
ئېھتىرامدا ئەلنىڭ ھەممىسى.
زەر يوپۇقلۇق ئارغىماقلارغا
كېلىدىكەن زوقى، ھەۋىسى.

يول بويىدا بىر توپ بالىلار
يۈرگەن ئىكەن چىپىپ ئوينۇشۇپ.

شاھنى كورۇپ قارشىپ قاپتۇ
سولتىگە ھەيران بولۇشۇپ.

شاھ كېتىپتۇ ئۇردا تەرەپكە
باللاردا تەسىر قالدۇرۇپ:
"بىزمۇ ئۇردا ياسىساق قانداق؟"
دەپتۇ بىرسى ئاردىن تۇرۇپ.

نۇسرەت ئىكەن تەكلىپنى قويغان
ئىرادىلىك بالىنىڭ ئېتى.
قايىل قىپتۇ جىمى ئادەمنى
ئۇنىڭ ئەقلى، زېھنى، جۈرئىتى.

مەسلىھەتچە بوش جاينى تاللاپ
ئوردا سالماق بولۇپتۇ ئۇلار.
چىققىپ شەھەر سىرتىغا بىركۈن
زور ئۇمىتكە تولۇپتۇ ئۇلار.

ئەسكى تاملار خېلىدىن بۇيان
تۇرغان ئىكەن ئۇندا تاشلىنىپ.
كىچىك ئوردا — بۇ چوڭ قۇرۇلۇش،
مۇشۇ جايدىن قاپتۇ باشلىنىپ.

بىر نەچچىسى ئېرىقنى تۈزەپ،
كەپتۇ ئېلىپ سۇنى نېرىدىن.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياغاچ - تاشقا، كېسەك قوپۇشقا
كىرىشىپتۇ ھەممىسى بىردىن.

قولمۇ - قولچە ئوردا سېلىشقا
تۇتۇش قىپتۇ كىچىك جامائەت.
ئاز كۈن ئۆتمەي ئەسكى تاملىقتا،
پەيدا بوپتۇ چۆڭ بىر ئىمارەت.

دەپتۇ نۇسرەت: "ھەممە قوزغىلىپ،
دەسلەپكى جەڭ بولدى ئوڭۇشلۇق.
ئەمدى سايلاپ چىققايلى شاھنى
قالغان ئىشقا ئۇ بەرسۇن بۇيرۇق."

قارىمۇ - قارشى پىكىرلەر بىلەن
باشلىنىپتۇ سايلام ۋە سوھبەت.
ھەر كىم ئۆزى سۆيگەن كىشىنى
كۆرسىتىپتۇ بولغاچقا مۇھلەت.

ئولتۇرۇپتۇ شاھلىق تەختىگە
ئادىل سايلام ئارقىلىق نۇسرەت.
قەسەم بىلەن تاپشۇرۇپ ئاپتۇ
كوپچىلىكنىڭ ئالدىدا خىزمەت.

پادىشالىق بۇرچى بىلەن ئۇ
جاكالاپتۇ بىر يۈرۈش پەرمان.
پەرمانىدا ئەكس ئېتىپتۇ
ئۆز كوڭلىگە پۈكۈلگەن ئارمان.

"ئۇنداق بولسا — دەپتۇ پادىشا —
بىز قىلايلى ئىشنى ئادالەت.
كەلتۈرەيلى ۋەتەن، خەلققە
شات - خوراملىق، ھۆرلۈك، سائادەت:

ياساۋۇللار، ئەتىدىن باشلاپ —
كېچىكمەستىن ئىشقا چۈشۈڭلار.
دەرمان بولۇش ئەلنىڭ دەردىگە
ۋەزىپەڭلار، مۇھىم ئىشىڭلار.

ھەر كۆڭلىگە قىلمىغان ئىشنى
ماڭا بايان ئەيلەڭلار كېلىپ.
ھەل قىلالماي قالساڭلار ئەگەر
ئوردىمىزغا كېلىڭلار ئېلىپ!"

شۇندىن تارتىپ ياساۋۇللىرى
ئەل ئىچىگە چىڭقۇر چۆكۈپتۇ.
يىغىپ جاپا - مۇشكۈل، خەتەرنى
پۇقرالارغا مېھرىن تۆكۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يىراق - يېقىن مەللەر كېزىپ
ئاڭلىشىپتۇ ئەرز ، شىكايەت.
ئىگەللەپتۇ ھەريان ئارىلاپ
ھەر خىل تەلەپ نۇرغۇن ھىكايەت.

ئىككى ئادەم جېدەللىشىپتۇ
بىر كۈنى كەچ دوخمۇشقا كېلىپ.
سوزلەيدىكەن باغلاغلىق تۇرغان
بوتۇلاقىقا ئىشارەت قىلىپ.

بوتۇلاقنى تالىشىپ ئۇلار
سېنىڭ ئەمەس مېنىڭ دەيدىكەن.
گەپلىرىدە بىرسى بىرسىگە
يا قىلچىلىك يول بەرمەيدىكەن.

"توختاڭ! دەپتۇ كىچىك ياساۋۇل،
گەپنى ئاڭلاپ ئارىغا كىرىپ، —
ئېيتىشىڭلارمۇ دەۋايىڭلارنى
شاھ ئالدىغا، ئوردىغا بېرىپ؟"

"بارمامدىغان ئاشۇ ئوردىغا،
پادىشاغا قىلدۇق ئەرزىيەت.
بۇ ئىش ئۈچۈن بولدۇق گۇنالىق
دەككە يېدۇق، ئاڭلاپ ئاھانەت.

ھەل قىلماقچى بولۇپ بۇ ئىشنى
چارلىغۇچى كىچىك ياساۋۇل،
ئېلىپ كەپتۇ ئۇلارنى دەرھال
نۇسرەت شاھنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل.

ئاڭلاپ نۇسرەت ئەرزىنى باشتىن
ئىككىسىگە مەسلەت بېرىپتۇ.
بۇ مەسلىھەت كوڭلىگە ياققاچ
تەرسالارمۇ گەپكە كىرىپتۇ.

”باغلاڭلار ! — دەپ بۇيرۇپتۇ نۇسرەت
بوتۇلاقنى نوۋكەرلىرىگە ، —
ئاچ قويۇڭلار ئۈچ ـ توت كۈنگىچە،
بوغۇز بەرمەي ئۇنىڭ گېلىگە“

ھېركۈرەپتۇ ئىككىنچى كۈنى
چىدالماستىن ئاچلىق زەربىگە.
بوتۇلاقنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ
كەپتۇ يۈگرەپ بىر ئورۇق توگە.

توگە دەرھال يالاپ كېتىپتۇ
بوتۇلاقنىڭ ئۇستى، بېشىنى،
بەدىنىگە سۈركەپ ئوزىنى
ئېمىتىپتۇ يېقىپ كوكسىنى.

ئىگىسىنى مۇشۇ تورگىنىڭ
چاقىرىپتۇ نۇسرەت ئالدىغا.
بۇ تۇلاقنى قوشۇپ بېرىپتۇ
ئەل ئالدىدا ئۇنىڭ قولىغا.

مۇنداق ئادىل، توغرا ھۆكۈمدىن
رازى بوپتۇ تورگە ئىگىسى.
ماختىشىپتۇ بۇنداق سوراقنى
ئۇققان ـ بىلگەن خەلق ھەممىسى.

كېتىپ بارسا ئىككى ياساۋۇل
يەنە بىر كۈن ۋەزىپە ئۆتەپ.
كېلىۋاتقان ئىكەن بىر ئادەم
ئىككى كىچىك بالىنى يېتىلەپ.

ئۆز ئۆزىگە سۆزلەيدىكەن ئۇ
ئەپسۇسلىنىپ ھەمدە زارلىنىپ.
كوڭلى قاتتىق ئازار يېگەندەك،
ئىمىدىندۇ بەكمۇ خارلىنىپ.

بىلمەك بولۇپ ئۇنىڭ ھالىنى
ياساۋۇللار كەپتۇ قېشىغا.
سورىشىپتۇ نىمە كۈنلەرنىڭ
چۈشكىنىنى ئۇنىڭ بېشىغا.

"ئوغۇللىرىم" — دەپتۇ ئۇ كىشى،
قاراپ كىچىك ئەزىمەتلەرگە.
بايان قىپتۇ ئۆز ئەھۋالىنى
باشلاپ كېلىپ بىر خالى يەرگە:

"مەن ئوغلۇمنى بۇيرۇغان ئىدىم
شىشە بېرىپ دەرھال سىركىگە.
دىگەن ئىدىم ئۇنىڭغا چىكىپ:
ھايال بولماي يېتىپ كەل يۈگەر.

كەلدى يېنىپ ئوغلۇم بازاردىن
سىركە يوقكەن، ئېتىككەن دۇكان.
كوپ ئوتمەستىن كىردى بىر بالا
ئۆز ئوغلۇمغا بەك ئوخشايدىغان.

"ئانا دادا سىركە ئېپكەلدىم"، —
دىدى ماڭا شىشىنى سۇنۇپ.
ئىككىسىنىڭ قايسىسى ئوغلۇم
ئايرالمىدىم زادىلا تونۇپ.

شۇندىن بېرى غەم باستى مېنى
ۋۇجۇدىمنى قاپلىدى گۇمان.
بىر بالىنىڭ دەردى ئازمىدى
ئىككىسىگە نەدىكى دەرمان.

ئىزلەپ كېلىپ ئاتا ـ ئانىسى
ئالسا بۇنىڭ بىرىنى تونۇپ.
مەن قالايمۇ بالاغا ئاندىن
قاراپ تۇرۇپ بىر ئوغرى بولۇپ"ـ

ياساۋۇللار دەرتمەندىن يەنە
ئىنىقلاپتۇ سوئاللار تاشلاپ:
— باردىڭىزمۇ شاھنىڭ ئالدىغا،
ئەرز ئېيتىپ بۇلارنى باشلاپ؟

— باردىم، ھازىر شۇ ھەشەمەتلىك
چوڭ ئوردىدىن يېنىپ كېلىمەن.
بارغىنىمغا پۇشايمان قىلىپ
ئوز دەردىمنى ئوزەم بىلىمەن.

ئاڭلىدى شاھ سالاپەت بىلەن
دەسلىۋىدە ئەرزىمنى بىر پەس.
مۇنداق دىدى كىيىن تېرىكىپ
بولماي ماڭا قىلچە ھەمنەپەس:

"ئەخمەق، بالاڭ قانچە كوپ بولسا
باي بولىسەن ئەمەسمۇ شۇنچە.
چىق، ئوردىنى ماڭمان قىلماي،
يوق ئىشلارنى ئېيىكلىپ مۇنچە!"

بىشى قاتقان بۇ بىچارىنى
ئېلىپ كەپتۇ ئۇلار ئوردىغا.
ئېلىپ كەپتۇ بالىلارنىمۇ
شۇ دانىشمەن شاھنىڭ ئالدىغا.

ئوخشايدىكەن بۇ ئىككى بالا
پەرق ئەتمەك ئىكەن شۇنچە تەس.
چىراي، شەكلى، تۇرقىمۇ بىردەك،
يالقۇنلاركەن بالىلىق ھەۋەس.

بالىلارغا چوڭقۇر سەپ سېلىپ
كۈزىتىپتۇ سىنچىلاپ نۇسرەت.
چاقىرتىپتۇ ئادەم ئەۋەتىپ
چېرىك ئوردىدىن ۋەكىل بۇ نوۋەت.

— قايسىڭلار بۇ كىشىنىڭ ئوغلى؟ —
نۇسرەت شۇنداق تاشلاپتۇ سوئال.
ئىككى بالا تەڭلا ۋاقىراپ:
— مەن!!! دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ دەرھال.

دەپتۇ نۇسرەت مەسلىھەت سېلىپ،
ساراي ئەھلى موتىۋەرلەرگە.

— سلەر جاۋاپ بېرىڭلار قېنى
تېپىشماقتەك بۇ مەسىلىگە.

داخىل بولغان ۋەكىل زاتلاردىن
ئاچالماپتۇ بىرسىمۇ ئېغىز.
ئاندىن نۇسرەت ھەل قىلىش ئۈچۈن
كىرىشىپتۇ قىيىن ئىشنى تېز.

ئۇ ئېپكىلىپ قويۇپتۇ يەرگە
ئىچى قۇرۇق بىر تال شىشىنى.
پەرمان قىپتۇ ئۇنى كورستىپ
باللارغا بوراپ بېشىنى:

"شۇ شىشىگە كىرىسەن قايسىڭ
بۇ ئادەمنىڭ بالىسى بولساڭ"
ئاڭقىرالماي بۇ ۋەقەنى ھېچ
بولۇشۇپتۇ ھەممىسى ھاڭ ـ تاڭ.

باللارنىڭ بىرى تۇرۇپتۇ
ئىلاجىسىز ئويلاپ، مەڭدەرەپ.
يەنە بىرى شىشە ئىچىگە
كىرىۋاپتۇ يەڭنى شۇمەيلەپ.



AltunOq

نۇسرەت دەرھال شىشە ئاغزىنى
ئېچىلماس قىپ مەھكەم ئېتىپتۇ.
ئېزىتقۇنى شىشىگە سولاپ
ئۇ ئادەمگە مۇنداق جېكىپتۇ:

"شەيتان ئىكەن، ئېزىتقۇ ئىكەن،
سىركە يوق، دەپ ئالدىدا كەلگەن
ئوز بالىڭىز، مانا بۇ تۇرغان
كېيىن كىرگەن، سىركە ئېپكەلگەن.

ھەزەر ئەيلەڭ جىنلار ھەممىشەم
يۇۋاشلارنى ئالدىسام، دەيدۇ.
ئالدانغانىنىڭ قېنىنى شوراپ
بوزەكلەرنىڭ ئومرىنى يەيدۇ"

ئىرغىتىپتۇ ئەزىم دەرياغا
بۇ شىشىنى ھىلىقى ئادەم.
ئېزىتقۇدىن قۇتۇلۇپ مەڭگۇ
زىممىسىدىن غۇلاپتۇ چوڭ غەم.

ئاشۇ ئادىل سوراقتىن كېيىن
يۇر كېتىپتۇ نۇسرەتنىڭ نامى.
كوپىيىپتۇ دەرت توككۇچىلەر
ئورلەپتۇ تېز شەۋكىتى - شانى.

خۇرسەن بوپتۇ ئۇنىڭ ئىشىدىن
ئەل، جامائەت، ئاتا ـ ئانىلار.
نۇرغۇن ئادىل ئىشلار قىلىپتۇ
ئاشۇ بىر توپ ئىناق بالىلار.

بۇ ئىشلاردىن شەھەرنىڭ شاھى
ئۇزۇن ئۆتمەي خەۋەر تېپىپتۇ.
ياساۋۇل ھەم نۆكەرلىرىگە
پەرمان بېرىپ مۇنداق جېكىپتۇ:

"نۇسرەت دېگەن بىر شۇمتەك چىقىپ
يەتكۈزمەكتە نامىمغا نۇقسان.
يۇرتنى سوراپ، بىر ئوردا قۇرۇپ
چاپلىماقتا شەنىمگە بوھتان.

سىلەر بېرىپ نۇسرەتنى تۇتۇپ
كېلىڭلار تېز، ئوردىغا ئېلىپ.
ئىنائەتسىز، نادان بەگۋاشنىڭ
ئەدىۋىنى قويايلى بېرىپ."

نۇسرەت ئاڭلاپ ئۇشبۇ پەرماننى
كەپتۇ يېتىپ دەرھال ئوردىغا،
باشلاپ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى
كەپتۇ كىرىپ شاھنىڭ ئالدىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شاھ ئۇنىڭغا يامان كۆزىدە
بىر قاراپلا باشلاپتۇ گەپنى.
(بەسى ـ مۇشكۇل سوئاللار تاشلاپ
سىنىماقچى بوپتۇ نۇسرەتنى):

— زاۋاللىقنىڭ مەنبەئى نىمە؟ —
دەپ پادىشا قويۇپتۇ سوئال.
— جاھالەتتۇر، زۇلۇمدۇر تەخسىر، —
نۇسرەت جاۋاپ بېرىپتۇ دەرھال.

ھاڭ ـ تاڭ قاپتۇ پادىشا ئاڭلاپ
مۇنداق توغرا، ھازىر جاۋاپنى.
گۇمانلىنىپ ئۇنىڭ ئەقلىگە
داۋام قىپتۇ يەنە سوراقنى:

—بىر دولەتنىڭ رىۋاج تېپىشى
دىگىن، سەنچە زادى نىمىدىن؟
— ئادالەتتىن! — دەپتىكەن شاھمۇ
قايىل بوپتۇ چىنىدىن، دىلىدىن.

جاۋاپلارغا ئىشەنمەي ئانچە
دەپتۇ يەنە ئويلاپ پادىشا:
— بايان ئەيلە كوڭۇل سوزۇڭنى
شەرھى بىلەن دادىل كەڭناشا.

— ھېكۈمنىرى ھېكمىران شاھىم —
دەپتۇ نۇسرەت كۆلۈپ بىمالال.
قالدۇرۇپتۇ ئەمەلدىن، كۆچتىن
پەرمانىنى پادىشا دەرھال.

ئاندىن بايان ئەيلەپتۇ نۇسرەت
ساباھىتىكى بۇلبۇلدەك سايراپ.
ھېكمىتىنى تۆكۈپتۇ بىردىن
خەندان ئۇرۇپ دىللىرى يايراپ:

"ئۆزلىرىگە مەلۇمكى دۇنيا
كوردى سانسىز ئۇلۇغ شاھلارنى.
كوردى چەكسىز قۇدرەتكە تولغان
كامالەتكە يەتكەن زاتلارنى.

تارىخ شۇنداق چىقاردى يەكۈن
شاھنىڭ جېنى ئاۋام قولىدا.
شاھ ياشايدۇ، ماڭسا ئەگەردە
ئادالەتنىڭ داغدام يولىدا.

كىرسە ئەيش - ئىشرەت كەينىگە
ئايرىلىدۇ تەھقىق ئاۋامدىن.
ئەلنى قاڭغىر قاخشىتىپ ئەزسە
يوقىلىدۇ تېزدىن جاھاندىن".

ئۇلغىيىپتۇ شاھنىڭ نۇسرەتكە
زوقمەنلىگى ھەۋىسى ئىشىپ،
تارقىلىپتۇ قەھرى - غەزىۋى
ۋۇجۇدىدىن يوقىلىپ، قىچىپ.

"ئاپىرىن!" دەپ پادىشا كۈلۈپ
قايىل بولۇپ قاپتۇ نۇسرەتكە.
بايان قىپتۇ قايىلللىغىنى
ھاياجاندا ۋەزىرگە، كوپكە.

شاھ ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرۇپ
دانىشمەنىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.
باشلىرىنى سىلاپ نۇسرەتنىڭ
شەپقىتىنى ياغدۇرۇپ دەپتۇ:

"ئوغلۇم، گەرچە بولساڭمۇ كىچىك،
تۇشقان ئىكەن سەندە پاراسەت.
شۇ ئەقلىڭنى، ئوتكۇر زېھنىڭنى
ۋەتەن، خەلقىڭ ئۈچۈن سەرىپ ئەت"

نۇسرەت شۇندىن كېيىن ئوردىغا
يوتكىلىپتۇ ئوڭ قول ۋەزىر بوپ.
ئىناۋىتى ئوسۇپتۇ ئۇنىڭ
ئەل ئىچىدە ھورمەتكە تولۇپ.

ئاشۇ ئىكەن چوچەكلەردىكى
نامى داڭلىق دانىشمەن نۇسرەت.
بىزگە شانلىق ئىش ئىزى بىلەن
قالدۇرۇپتۇ مۇنداق بىر ئىبرەت:

تاش يۈرەكلىك پادىشانىمۇ
يەڭگەن ئىكەن ئوتمۇشتە زىرەك.
زور توھپىگە، شەرەپكە، شانغا
جۇرئەت كېرەك، دانىشمەن كېرەك.

# نەي

سوزلەپ بىرەي دوستلار سىلەرگە
نەي ھەققىدە قىزىق ھىكايەت.
سۇلتان بىلەن يالماۋۇز خوتۇن
قىلمىشىدىن قىلىپ شىكايەت.

× ×

مۇندىن خېلى بۇرۇن زاماندا
تاغ ئىچىدە بىر ئەل بار ئىكەن.
تولۇپ تاشقان بايلىقلىرىغا
چەكسىز كەتكەن زېمىن تار ئىكەن.

خوشچاقچاقكەن بۇ ئەلنىڭ خەلقى
خۇشتار ئىكەن ئاڭلاشقا نەينى.
چۈشىدىكەن شادمان ئۇسۇلغا
زوق-شوق بىلەن ئىچىشىپ مەينى.

ئاشۇ ئەلدە بىر سۇلتان بولۇپ
قەلبى ئۇنىڭ پاك ئەمەس ئىكەن.

قول ئاستىدا ياشغانلارنىڭ
كۆن ئالمىغى بەكمۇ تەس ئىكەن.

يايلاپ يۈرگەن سانسىز چارۋىنى
ئالغان ئىكەن سۇلتان ئىگەللەپ.
پايانى يوق يايلاقنى يەنە
ئېيتار ئىكەن "بۇمۇ مېنىڭ" دەپ.

بايلىقلىرى تېشىپ تۇرسىمۇ،
شورايدىكەن ئەلنىڭ قېنىنى.
قوغدىماقمۇ تەس بوپتۇ ئەلگە
ھېلى تۇرماق ئېزىز جېنىنى.

بارغانسېرى زۇلمى كۈچىيىپ
ئەلنى گويا تاغدەك بېسىپتۇ.
چىقسا خەلق ئىسيان كۆتىرىپ
جازالاپتۇ، دارغا ئېسىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلارمۇ ئۆتۈپ،
سۇلتان بىر كۈن چىقىپتۇ ئوۋغا.
يەتكەن يەردە قەددىنى ئۈنىڭ
باشلىنىپتۇ يىغا-زار، غوغا.

ماڭغان چاغدا ئۈۋچى قوشۇنى
چاڭ - تۇمانلار كوكنى بېسىپتۇ.
قالايمىقان ۋاراڭ - چۇرۇڭى
دەريالاردىن، تاغدىن ئېشىپتۇ.

سۇلتان باشلاپ ماڭغان ئۈۋچىلار
تاغ ئارىلاپ ئۇزۇن يۈرۈپتۇ.
چوڭ ئامەتلەر نېسىپ بولمىغاچ
غەزەپلىنىپ يەڭنى تۈرۈپتۇ.

قاپاقلىرى چۈشۈپ ساڭگىلاپ
كېتىپ بارسا جىلغىدا بىر كۈن،
قاپتۇ ئۇچراپ يالغۇزلا بىر ئوي
مورىسىدىن چىقاركەن تۈتۈن.

بۇندا يالغۇز توقۇيدىكەن رەخت
چىچەن، گۈزەل - گۇلجامال پەرى.
ئۇۋ قىلغىلى چىقىپ كەتكەنىكەن
ئۇنىڭ سويگەن ۋاپادار ئېرى.

ئاتلىقلارنى كورۇپ كۈچۈگى
غەزەپ بىلەن كېتىپتۇ قاۋاپ.
چىقىپ ئىشىك ئالدىغا ئايال
ئەدەپ بىلەن تۇرۇپتۇ قاراپ.

سۇلتان كورۇپ مەسلىگى كېلىپ
ئېپ كېتىشكە پەرمان بېرىپتۇ.
ئۇ ئايالنى دەرھال ئوردىغا
نۆكەرلىرى سورەپ مېڭىپتۇ.

تاغ ئىچىدە مەسۇم ئايالنىڭ
تۇتقان ئويى قاپتۇ مۇڭلىنىپ.
غۇربەتچىلىك باسقان دالىغا
قاراڭغۇ تۈن كەپتۇ ئۆلىنىپ.

يىگىت يېنىپ ئوۋدىن بەك خوشال
ۋاقىراپتۇ چوققىدا تۇرۇپ.
سادا كەپتۇ جىلغا - تاغلاردىن
يۈرىكىنى مۇڭغا تولدۇرۇپ.

"ئالدىمىكىن جانان ئوزىنى
چاڭچاق قىلىپ بىرەر دالدىغا".
دەپتۇ ئوۋچى كەپتۇ ئاخىرى
خوشال كۈلۈپ ئويىنىڭ ئالدىغا.

ئويگە قەدەم قويغاندا يىگىت
چوچۇپ بىردىن قاپتۇ تىنىك تۇرۇپ:
ھەممە نەرسە چېچىلىپ كەتكەن
قازان - قومۇچ، يېتىپتۇ سۇنۇپ.


AltunOq

پاچاق ـ پاچاق بولغان تەگنىسى
تېرىقلىرى ھەريان چېچىلغان.
ئوڭتۈرۈلگەن كىگىز كېچەكلەر
روجەكلىرى ئۆرۈپ چېقىلغان.

"گۈلۈم قېنى، گۈلۈم نەدىسەن؟"
ئۇ ئىزلەپتۇ تاغنىڭ ئۈستىنى.
ھىجران ئوتى ئۆلغىيىپ، ئورلەپ
كويدۇرۇپتۇ يىگىت كوكسىنى.

"ئەي، مېھرىۋان ئاسلان، كۈچۈكلەر
ياردىم نەگە كەتتى ئېيتىڭلار؟
ئەي، چىرايلىق گۈل ۋە گىيالار
گۈلۈم نەگە يەتتى ئېيتىڭلار؟

قانداق ياشاي بۇ كەڭ زىمىندا
مەن ئايرىلىپ، يالغۇز ئۆتىڭىز.
جۇدالىقتا ئوتكەن ھەر مىنۇت
ئەلەملىكتۇر، بەكمۇ كوڭۈلسىز."

بەرمەپتۇ گۈل ـ گىيالار جاۋاب،
تاغۇ ـ تاشلار سۈرمەپتۇ زۇۋان.
ئوز يارىنى تېپىشقا يىگىت
بەلنى مەھكەم باغلاپتۇ شۇئان.

دەريالاردىن ئۆتتۈپتۇ ئۆزۈپ،
باياۋاندا يۈرۈپتۇ كېزىپ.
مۇھەببەتنىڭ دەشت - چۆللىرىدە
يىگىنە بىلەن قۇدۇقلار قېزىپ.

گايى يىگىت كوزىدە ئۇچقۇن،
گايى ياشلار چۈشەركەن تېمىپ.
باش قويغاندا قىر - ئېدىرلارغا
سېغىنىشنىڭ تۇيغۇسى يېنىپ.

نەي ئاۋازى ياڭراپ كېچىلەر
كېتەر ئىكەن يىراق - يىراققا.
ئاڭلىغانلار دەرمىش: كەلگەندۇ
نەيچى كىمنى ئىزلەپ بۇ ياققا؟

قېزىپ نۇرغۇن قەلئە، شەھەرنى
ئالالماپتۇ ھېچنەدىن دېرەك.
يار دەردىدە كويۇپ، ئورتىنىپ
پارە - پارە بوپتۇ ئوت يۈرەك.

ئىزلەپ تۇرسۇن ئوۋچى يارىنى
نەي ئۈننى ياڭرىتىپ ھەر يان؛
گۈلجامالنىڭ ئەھۋالى نىچۈك؟
سوزلەي ئەمدى ئاڭلاڭ كىتاپخان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

× ×

ھويلىسىدا ئاچكوز سۇلتاننىڭ
دۇۋە-دۇۋە تۇراتتى يۇڭلار.
يۇيۇپ پاكىز، كۈندە قۇرۇتۇپ
ئامبارلارغا توشاتتى قۇللار.

رەخت توقاركەن ئونلىغان باپكار
ئارام ئالماي بۇندا مۈكچىيىپ.
باشتىن قامچا ئوكسىمەيدىكەن
ئىشلىسىمۇ ئۆلۈپ-تىرىلىپ.

نۆۋەت بىلەن تارايتتى قىزلار
چوڭ خوتۇننىڭ پاخما چېچىنى.
ئىش پۈتكەندە يەيتتى يالماۋۇز
چاچ تارىغان قىزنىڭ بېشىنى.

يېيىلگەچكە ھەر كۈنى بىرسى،
بارار ئىدى قىزلار ئازىيىپ.
زار يىغلىشىپ، بىر بىرى بىلەن
خوشلىشاتتى رازىلىق ئېلىپ.

چىدالماستىن جان دوستلىرىنىڭ
نالىسىگە يىغلار گۈلجامال.
قۇتۇلۇشقا بۇ چوڭ ئاپەتتىن
ئويلار ئىدى ھەمىشە ئامال.

"ئەنتىم چىقماس ئىتتىرىۋەتسەم
"مەلىكە"نى يارنىڭ بويىدىن.
ئازات قىلسام، — دەيتتى دىلىدا، —
دوستلىرىمنى شۇمنىڭ قولىدىن."

بىراق قىزلار دات-پەريات بىلەن
يالماۋۇزغا كەتتى يەم بولۇپ.
ئۆزى تەنھا قالدى گۈلجامال
يۈرەك-باغرى ھەسرەتكە تولۇپ،

چاچ تاراشقا كىرىشكە مانا
گۈلجامالنىڭ كەلدى نۆۋىتى.
شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان چاغدا
ئۇشنىسىگە تاغ قوندى خۇددى.

ۋىدالاشتى بۇ ئالەم بىلەن
قىيالماستىن ئايرىلىشقا ھىچ.

ماڭدى غەمكىن، روھى بەك سولغۇن
ئۇرۇلغاندەك قەلبىگە قىلىچ.

ئەلۋىدا ئەي، ئانا ۋەتىنىم
ئەلۋىدا ئەي سۆيۈملۈك تاغلار.
ئەلۋىدا ئەي، گۈلنىڭ ئىشقىدا
بۇلبۇل ئۇرغۇپ سايرىغان باغلار.

كىرىپ ئۆيگە ئالدى ئۇ تاغاق
تاراش ئۈچۈن خانىش بېشىنى.
ئايان بولدى تېخىمۇ سىرى
تارىغاندا ساغۇچ چېچىنى.

تۇرار ئىدى ئۇنىڭ بېشىدا
ئەگرى ئۆسكەن ئۈچلۈق بىر مۈڭگۈز.
مۈڭگۈزنى يوشۇرغان ئىكەن
مەخپى تۇتۇپ كېچە-كۈندۈز.

راست مەلىكە ئەمەس ئىكەن ئۇ
ھەم ئەمەسكەن ھورۇ-پەرىزات.
بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن تەكتىنى
قويۇپ ئالغان ئىكەن شۇنداق ئات.


Altun0q



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غەرق بولدى غەم دەرياسىغا
تەقدىرىنى ئويلاپ گۈلجامال.
بۇ ياۋۇزنىڭ تومۇر قولىدىن
قۇتۇلماقتا نە چارە - ئامال؟!

گۈل چىمەنگە ئورالغان چىلغا
خۇشبۇي پۇراق چاچاتتى دىلغا.
سۆيگەن يارى ئېزىز يۇرتىدا
ئۇنى كۈتۈپ قارايتتى يولغا.

كۆتەر ئىدى ئۇنى گۈزەل تاغ،
كۆتەر ئىدى تۇققان سىپخى ئەل.
كىرسە ئىدى ئىشىكنى ئۇرۇپ
باتۇر ئېرى مۇشۇ پەيتتە دەل.

تەلمۈرەتتى ئىشىك تەرەپكە
قارا كوزلەر ئۈمىتتە بېقىپ.
ساپىغىدىن كۈمۈش مۇنچاقلار
چۈشەر ئىدى توختىماي ئېقىپ.

بىر ئالايدى دەھشەتتە ياۋۇز
ئارتقا بۇراپ ئاستا بېشىنى.
تونۇغاندەك كوتەردى ئىگىز
يىمىرىلگەن يۈكلۈق قېشىنى.

"ھە، نىمانچە ئۇكسۈپ يىغلايسەن؟
چىقىپ قاپتۇ يادىمدىن مېنىڭ،
بىزنىڭ كىشى ئۇۋغا چىققاندا
ئېلىپ كەلگەن تاغلىق سەنمىدىڭ؟"

"شۇنداق خېنىم، خىزمەتتە بولاي،
رەھىم قىلىڭ، جېنىمغا مېنىڭ!"
"بوپتۇ ئۈچ كۈن بېرىمەن موھلەت،
بىلىپ قويغىن قولۇمدا جېنىڭ".

شۇنداق دېدى يالماۋۇز موماي
گۈلجامالغا تىكىلدى قاراپ:
"سۇلتان ئوزۇق تېپىپ كەلگىچە
تۇرغىن بۇندا چېچىمنى تاراپ.

يۇرسەڭ ئەگەر كوچىغا چىقىپ
مەلىكىنىڭ مۈڭگۈزى بار دەپ،
جاندىن جۇدا بولىسەن شۇئان
ئەل ئىچىگە تارالسا بۇ گەپ،

"ھىچ كىشىگە ئېيتماي بۇ سىرنى
ئاداققىچە ئىچىمدە ساقلاي.
ئالدىڭىزدا خىزمەتتە بولۇپ
ۋەزىپەمنى، ۋەدەمنى ئاقلاي."

”خەيىر، — دىدى مەلىكە يۇمشاپ، —
تۇر ئورنۇڭدىن، ھازىر قەسەم قىل.
بۇدا كەچتىم خۇنىڭدىن، لېكىن،
ئىلتىياتىم، شەپقىتىمنى بىل!“

گۈلچامالنىڭ قەلبىگە قىساس
يالقۇنلىرى پاتمىدى ئورلەپ.
يالماۋۇزنىڭ سىرىنى ئەلگە
يۇردى بىر كۈن ئېيتىشنى كوزلەپ.

بىر كۈنى ئۇ يۇرۇك يۇيۇش ئۇچۇن
چىقتى سىرتقا نۇۋكەرلەر بىلەن.
بىلدى مۇشۇ پۇرسەتنى ئەۋزەل
تېپىلغۇسىز، ئەجەپمۇ بەلەن.

قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ
تۇردى بىر پەس كوكسىنى بېسىپ.
بىر ئەندىشە پارچىلار ئىدى
خىيالىنى، پىكرىنى كېسىپ.

ئۇيان-بۇيان قارىغان ئىدى
كورۇنمىدى بىرەرمۇ ئادەم.
بىلىنەتتى ئۇنىڭغا شۇ تاپ
قەپەزدىنمۇ تار ئىكەن ئالەم.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

دېدى ئىگىز قومۇشقا قاراپ:
”بۇ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار!
مەلىكىنىڭ مۇڭگۈزى باركەن
يالماۋۇز ئۇ بىلىپ قېلىڭلار!“

ئېيتىپ بولۇپ گېپىنى ئۇنلۇك
كوڭلى تىندى، ئارمانغا قاندى.
يەڭگىللىشىپ تەنلىرى قۇشتەك،
ئارقىسىغا دەرھاللا ياندى.

بارغانسېرى قېلىن قومۇشلۇق
ھوسۇن تۈزدى تېخىمۇ كوركەم.
گۈلباھارنىڭ زىننىتى - كوركى
بولغان ئىدى ئۇندا مۇجەسسەم.

شۇ يول بىلەن ئوتكەن يولۇچى
ماڭماس ئىدى ئۇنى ماختىماي.
سايىسىدا بۇيۇك قومۇشنىڭ
ئوتمەس ئىدى بىردەم توختىماي.

گۈكىرەيتتى، شاقىرايتتى ھەم
قېلىن ئورمان، دەرەخ شاخلىرى.
كۈندىن - كۈنگە كۆچۈيەر ئىدى،
سەرسانلىقتا يىگىت ئاھلىرى.



AltunOq

دولقۇنلىغان تاغلار ئىچىدە
ئۇيان-بۇيان يۈرەتتى مېڭىپ.
رەڭگى ئۇچقەن، كىيىمى ۋەيران
قوش ئەلەمنى كوكسىگە تېڭىپ.

يىگىت مېڭىپ داۋالغۇپ تۇرغان
چەكسىز قومۇش ئورمانغا يەتتى.
گىياكى تاش سۇغا چىككەندەك
قومۇشلۇققا سىڭىپلا كەتتى.

راھەتلىنىپ ئولتۇردى بىردەم
قومۇشلۇقنىڭ قىرىغا چىقىپ.
ھېرىپ-چارچاپ چىمۇلۇپ تەرگە
تالاي يولنى كەلگەچكە مېڭىپ.

سالقىن شامال شىرىن لېۋىدە
سۆيەر ئىدى ئۇنىڭ يۈزىنى.
چىرمىۋالدى ئۇگدەك ئۇۋچىسى
قوش بۇلاقتەك بىر جۈپ كوزىنى.

شۇ ئەسنادا كوردى ئۇ بىر چۈش:
يارى ئىللىق كۈلۈپ تۇرارمىش؛
"ئەي ياساپ چال ئاۋۇ قومۇشتىن"
دەپ قومۇشنى شەرەت قىلارمىش.

تۇرۇپ ئىتتىك ئورنىدىن يىگىت
ئەتراپىنى ئىزلىدى بىر پەس.
تاپالمىغاچ گۈزەل يارىنى،
يۈرىگىگە چۈشتى ئوت ـ ھەۋەس.

كېسىپ كېلىپ قومۇشنى ئاخىر
كېلىشتۈرۈپ بىر نەي ياسىدى.
ھەۋەسىنى، پۈتكۈل ئىشقىنى
زوقى بىلەن نەيگە ئاتىدى.

ئۆرغۈپ چىقىپ ياڭرىدى شۇئان
كەڭ دالاغا بىر مۇڭلۇق ئاۋاز.
تەڭ كېلەلمەس ئىدى ئۇنىڭغا
جاھاندىكى جىمى ناخشا ـ ساز.

نەي ئىچىدىن دەيتتى گۈلجامال:
"بۇ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار!
مەلىكىنىڭ مۇڭگۈزى باركەن،
يالماۋۇز ئۇ، بىلىپ قېلىڭلار!"

ئەزىم دەريا، بۈيۈك تاغلاردىن
كەتتى ھالقىپ نەينىڭ ساداسى.
نەي ئاۋازى يەتتى ھەريانغا
قىزغالدى ئەل، تۇتۇپ قىساسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خاسىيەتلىك نىيىنى چىلىپ،
ماگدى يىگىت ئوردىغا قاراپ.
سانسىز ئادەم قىساس ئېلىشقا
كېلەر ئىدى ئۇلغىيىپ، يامراپ.

كۆكۈم - تالقان قىلىپ ئوردىنى
كىردى ئۇلار تومۇر دەرۋازىدىن،
بۇ يۇرت خەلقى قۇتۇلدى مەڭگۈ،
مۇڭگۇزى بار شۇم يالماۋۇزدىن.

ئۇۋچى يىگىت سۆيگىنى بىلەن
ئۇچراشتى زور شاتلىق ئىچىدە.
مەھكەم بېسىپ باغرىغا ئۇنى
سۆيدى قانماي ئاشۇ كېچىدە.

ماكانىغا بارغىچە ئۇلار
يۇرت ئارىلاپ مېڭىپتۇ ئۇزۇن.
نەيىنىڭ زەپەر ساداسى ياڭراپ
ھەر قەلبتىن ئېلىپتۇ ئورۇن.

گۈل - گىيالار، تاغلار ھەم باغلار
نەيگە سۆيگۈ رىشتىنى باغلاپتۇ.
بۇ يېقىملىق خۇشخۇي ئاۋازنى
چىن قەلبىدىن سۆيۈپ ئاڭلاپتۇ.

شۇندىن بۇيان بۇ ئەلنىڭ خەلقى
خۇشتار بوپتۇ تولىمۇ نەيگە.
ئاڭلايدىكەن نەي ئاۋازىنى
زۇقمەنلىكتە جور قىلىپ مەيگە.

## خاتىمە

بۇ ئىككى ياش بىسىپ ئۆتۈپتۇ
شۇنداق مۇشكۈل، ئىگىز داۋاننى؛
يوقىتىپتۇ بۇ يولدا ئەلگە
زۇلۇم سالغان ياۋۇز چايانىنى.

كۆپ ئۆتمەستىن ئىناق ئەر - ئايال
ئۆز يۇرتىغا يېتىپ بېرىپتۇ،
بىر بىرسىگە بولۇپ ساداقەت
ئۇزۇن يىللار ئۆمۈر سۈرۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# گەنجى باتۇر

ياپلاق ئىگەن تۇپرىغى مۇنبەت
تەكلىماكان چۆللىرى ئەسلى.
كوك دېڭىزدەك ئورگەشلەيدىگەن
يېشىل مايسا نەۋ باھار پەسلى.

بېزىلەرگەن توز قانىتىدەك
گۈللەر بىلەن زۇمرەت تاغلىرى.
رەڭمۇ - رەڭ گۈل، چىمەنزار ئىگەن
خۇش پۇراقلىق گۈزەل باغلىرى.

تىيانشان ھەم كوئېنلۇن تېغى
بىر بىرىگە تۇتاشقان جايدا،
ئاقىدىغەن بىر ئەزىم دەريا
ئورگەش ياساپ چىرايلىق سايدا.

سايرايدىغەن نەغمىچى قۇشلار
قىلىپ دىلنى، كوڭۇلنى شەيدا.
بىر يىللىرى ئاشۇ جىلغىدا
بىر ئەجدىھا بولۇپتۇ پەيدا.



AltunOq

ئۇلتۇرۇپتۇ دەريانى توسۇپ
بەستى بىلەن يوغان، كېلەڭسىز.
ئۇلتۇرۇپتۇ قۇرۇپ بەدەشقان
قىلچە پەرۋا قىلماي ئېرەڭسىز.

قارىغاندا يىراقتا تۇرۇپ
ئەسلىتەركەن بىر يوغان بەلنى.
پۈۋلەيدىكەن تۇزگە قارىتىپ
ھەر نەپەستە شامالنى - يەلنى.

سۇ كەلمىگەچ بىپايان دالا
گۈلشەنلىرى قۇرۇپتۇ چاڭقاپ.
شۇندىن بۇيان چىرايلىق -جىلغا
بولۇپ قاپتۇ سۇرلۇك كويىقاپ.

يېزىلارنى قاپلاپتۇ ئاپەت
بوپتۇ زۇلمەت، چىراقلار ئۆچۈپ.
ئانا يۇرتنى تاشلاپ كىشلەر
ئەلەم بىلەن كېتىپتۇ كوچۈپ.

شۇنداق مۇشكۇل - قىيىن ھالەتتە
بىر ئۆي كەپتۇ ئەلنىڭ قەلبىگە:
"ئەجدىھانى يوقاتماق كېرەك
ئېرىشمەكچى بولساق غەلبىگە."

شۇ پىكەردە يۇرتىنىڭ چوڭلىرى
ئارزۇ - ئۈمىت سازىنى چېلىپ،
ئەجدىھاغا قارشى چىقىپتۇ
جانلىرىنى قولىغا ئېلىپ.

شۇ كەتكەنچە ئۇ بىچارىلەر
كېلەلمەپتۇ قايتىدىن يېنىپ.
قاپتۇ ئەل - يۇرت، قوۋمى - قېرىنداش
كۆزلىرىدە قان - ياشلار ئېلىپ.

× ×

ياشايدىكەن سەھرادا، چەتتە
بىر ئەمگەكچان بوۋاي ھەم موماي.
ياشايدىكەن ئۈچ ئوغلى بىلەن
ئەمگەك قىلىپ قىشمۇ - ياز تىنماي.

ئوتەر ئىكەن مۇنبەت يېرىگە
زىرائەت ۋە كوكتاتلار تىرىپ.
ئوتەر ئىكەن ھالال تىرىدىن
غۇربەتلىككە خاتىمە بېرىپ.

ھويلىسىغا گۈللەر تىرىشقا
ئامراق ئىكەن بوۋاي ۋە موماي.
گۈل ئاشىقى بۇلبۇللار چاك - چاك
سايرايدىكەن بېغىدا تىنماي.

تۇساتتىنلا قۇملۇق تەرەپتىن
توختىماستىن چىقىپتۇ بوران.
بوستان باغلار، يېشىل - ئېتىزلار،
قۇرۇپ بىردىن بولۇپتۇ غازاڭ.

گۈلچى موماي ھەر كۈنى سەھەر
يىغلايدىكەن گۈللۈككە قاراپ.
خۇدايىمدىن سۇ تىلەيدىكەن
ياغسىكەن دەپ يامغۇر شاقىراپ.

"ئوز يۇرتىنى كىمۇ سۆيمىسۇن،
پىراقىدا كىمۇ كويمىسۇن،
تاشلىرىدىن يۇلتۇز ىغىچە
ئوز جېنىدىن ئېزىز كورمىسۇن."

قىساس ئوتى ئورتەپ كوكسىنى
يالقۇنلاپتۇ غەزەپ ۋە نەپرەت.
جەڭگە چىقماق بولۇپ ئۇچ ئوغۇل
دادىسىدىن سوراپتۇ رۇخسەت.

"پەيلىڭلاردىن يېنىڭلار بالام،"
دەپتۇ بوۋاي بېرىپ مەسلىھەت.
ئاڭلاپ بۇنى ئەنسىرەپ موماي
بالىلىرىغا قىپتۇ نەسىھەت.

"كوردۇق باشقا كەلگەننى بىز" دەپ
ئۇنىماپتۇ باللار پەقەت
كىرمەپتۇ    ھېچ قۇلاقلىرىغا
نەسىھەتلەر قانچە - قانچە رەت،

ئورۇق ئىكەن ھەم كىچىك ئىكەن
باللارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى.
يولغا راۋان بولۇپتۇ ئۇنى
تاشلاپ قويۇپ ئىككى ئاكىسى.

بۇ باللار مېڭىپتۇ جەڭگە
قولغا ئېلىپ قىلىچ ـ قالقاننى.
غانجۇغىلاپ ئاتىنىڭ كەينىگە
يولغا ئالغان ئوزۇق - تالقاننى.

چۆللەر كېزىپ ئون بەش كۈن يۈرۈپ
دۇچكەپتۇ بىر سۈزۈك بۇلاقنا.
بۇلاق بويى چىمەنلىك چۆپلۈك
خوپ يېقىپتۇ ئاتقا، ئۇلاققا.

×    ×

ئۆيدە قالغان كەنجى ئوغۇلنىڭ
باركەن ئىسىل، يۈرغا بىر ئېتى.
جېنىدىنمۇ قەدىرلىك ئىكەن،
ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇغۇلغان يۇرتى.

ۋەيران بولغان يۇرتىغا قاراپ
ۋۇجۇدىنى قاپلاپتۇ ھەسرەت.

بارغانسېرى ئۇلغىيىپتۇ ھەم
ئوز يۇرتىغا ئوتلۇق مۇھەببەت.

ئەژدىھاغا - ئاپەتكە قارشى
ئوچمەنلىكى يامراپتۇ شۇئان.
بارماق بوپتۇ قىساس ئىلىشقا
كويىققاپقا كوتىرىپ ئىسيان.

كەنجى

ئاتا، ماڭا موھلەت بەرسىڭىز
ئاسايىشلىق دۇئا بەرسىڭىز،
ئەجدىھانى يوقاتسام بېرىپ
زىرائەتنى قايتا تەرسىڭىز.

بوۋاي

قۇدرىتىدىن ئىككى ئاكاڭنىڭ
تەپسە زەنجىر ئۇزىلەر ئىدى.
سەن ئىمىدىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا
ئاكىلىرىڭ تەڭ كېلەلمىدى.

يىراق كەنجى ياندايى پەيلىدىن
سورايدىكەن كۈندە يالۋۇرۇپ.
ماقۇل كەپتۇ بوۋايمۇ ئاخىر
مىڭ تەسلىكتە ئويلىنىپ تۇرۇپ.

مىندۇرۇپتۇ بوۋاي ئوغلىنى
يىراغا تايغا ئىگەرنى توقۇپ.



AltunOq

تىلەپتۇ ھەم ساخاۋەتلىك يول
پىچىرلاپ كۆپ ئايەتلەر ئوقۇپ.

سەپەر قىپتۇ سەھرا يىگىتى
تالاي يېزا، يۇرتلارنى ئاتلاپ.
پايانى يوق توغراق، ئورمانلار
قۇم دېڭىزىن ئارقىغا تاشلاپ.

كېتىپ بارسا بىر چۆلدە يالغۇز
ئۇچقىشىپتۇ بىر قېرى بوۋاي.
چىرايىدىن ياغار ئەكەن نۇر
مېھرى ئىللىق، شۇنچە خۇش چىراي.

خىزىر

نەگە ماڭدىڭ ئوغلۇم، پايانسىز —
دەشتى چۆلنى، قۇملارنى كېزىپ؟
ئىنسان كەلمەس ئىدى بۇياققا
قالمىغانسەن يولۇڭدىن ئېزىپ؟

كەنجى

ماڭدىم ئاتا ئەجدىھا شۇمنى
كۆيىقاپتا گۇمران قىلىشقا.
خاراپ بولغان كەڭ دىيارىمغا
سۇ ئېپكىلىپ بوستان قىلىشقا.

## خمزىر

تەلەپلىرىڭ ئىجاۋەت بولسۇن
ئەل بەختىگە مەھلىيا غېرىپ.
يۇلغۇنۇم بۇ، جەڭگاھقا كىرگەن
خاسىيەتلىك كۇلانى كىيىپ.

يامان يەرگە مېڭىپسەن ئوغلۇم
ھۇشيار بولغىن، ھەردەم پەخەس بول.
شان ـ شەرەپلەر كەلتۈرۈپ ئەلگە
قەھرىمان بول، بار زەبەردەس بول!

دۇئا بىلەن تەڭلا ئۇ بوۋاي
كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ بىردىن
رەھمەت ئېيتىپ، كۇلانى ئېلىپ
كەنجى مېڭىپ ئېشىپتۇ قىردىن.

ئۇچقىشىپتۇ ئىككى ئاكىسى
بىر يەرلەرگە بارغاندا يېتىپ.
ياتقان ئىكەن ئاچلىقتىن قۇمدا
ھۇشسىزلىنىپ ماغدىردىن كېتىپ.

كەنجى يىغلاپ كېتىپتۇ شۇئان
بىچارىلەر ھالىنى كۆرۈپ،
لەۋلىرىگە تېمىتىپتۇ سۇ
قېرىنداشلىق مېھرىگە چۆمۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىر ھازادا ھۇشىغا كەپتۇ
ئۇلار ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ.
ئاندىن ئۈچى بىللە مېڭىپتۇ
سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

ئېتىلىپتۇ چاقچاق ھەرىلەر
بارغىنىدا ئېغىز ئالدىغا.
قېچىپ ئارتقا ئىككى ئاكىسى
ئۆزلىرىنى ئاپتۇ دالدىغا.

شۇ قاچقانچە ئۇلار قايتىدىن
ئارقىسىغا بارماپتۇ يېنىپ.
ئارام ئالغاچ تۇرۇپتۇ قاراپ
پىنھان جايدا ئىنىسىنى كۈتۈپ.

ھەرىلەرنى ئۆلتۈرۈپ كەنجى
داۋام قىپتۇ مۈشكۈل سەپەرنى.
كىرگەن چاغدا جىلغا ئىچىگە
كۆرۈپتۇ بىر پەرى، گۈزەلنى.

ئۇ تۇرارمىش غارنىڭ ئالدىدا
تاشلاپ نەزەر زەپمۇ چىرايلىق.
جادۇ كىرپىك، قەلەم قاشلىرى
خۇلقى ئاندىن ئويناق، جۇلالىق.

”ئەي، چەۋانداز گۈل چىراي يىگىت
بىزنىڭ ئۆيگە قىلىڭ مەرھەمەت“ —

تەكلىپ قىپتۇ غارنىڭ ئىچىگە
ساھىپجامال بىلدۈرۈپ ھۆرمەت.

پەردىسىنى قايرىپتۇ كەنجى
غار ئىچىگە قىلىپ ئىلتىپات.
باشلاپتۇ ھەم ئۆينىڭ تۆرىگە
ساھىپخانىمۇ ئۇنى ئۆيگە شات.

كۈتۈپ ئاپتۇ ئىززەتلىك شۇنچە
ساقى بولۇپ ئۇچ ماھى تابان.
بىر بىرىدىن شەپقەتلى ئۇلۇغ
بىر بىرىدىن ئۆتكەن مېھرىۋان.

كەلتۈرۈپتۇ نازۇ ـ نىمەتلەر،
ئېچىلىپتۇ بەركەت داستىخان.
تەكلىماكان يىگىتى ھەيۋەت
غار ئىچىدە بولۇپتۇ مېھمان.

ئۇچ پەرىنى سېرىق ئەجدىھا
يۇرتلىرىدىن بۇلاپ كەپتىكەن.
غېرىپلىقتا مۇساپىرلارنىڭ
كۈن ئالمىغى بەكمۇ تەس ئىكەن.

ھەر تاماقتا ئەجدىھا ناكەس
يەپ كېتەركەن ئۇچ قازان ئاشنى.
تۇرار ئىكەن ئۇلار گۆش توغراپ
ئۇماچ چېلىپ، قاينىتىپ داشنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**قاپتاللارغا ئۇزۇئىلۇق ئۇچۇن**

ئاپتو يىغىپ سانسىز كالا ـ ئات.
ئەندىشىدە، ئازاپ ئىچىدە
ئوتەر ئىكەن بۇ يەردە هايات.

مەقسىدىنى ئاڭلاپ يىگىتنىڭ
كېتىشىپتۇ قىزلار سۆيۈنۈپ.
قولدىن كەلگەن ياردەملىرىنى
قىلماق بوپتو بەكمۇ كويۈنۈپ.

بىرىنچى پەرى
يەتمەسمىكىن ئاتا كۈچىڭىز؟

ئىككىنچى پەرى
كېتەرمىكىن بىكار ئەجرىڭىز؟

ئۈچىنچى پەرى
ئارام ئېلىڭ بۇ يەردە بىر پەس.

كەنجى
ئېلىشمەن قەتئىي، زەبەردەس.

بىرىنجى پەرى
بىز بولىمىز سىزگە هەمنەپەس،
تارمار بولسۇن ئەجدىها ناكەس.



AltunOq

ئىككىنچى پەرى

قۇۋۋەتلەنسۇن ئەمسە يىگىت
قىلالمىسۇن ئەجدىھا شۇم قەست.

ئۈچىنچى پەرى

ئىپ چىقايلى خاسىيەتلىك مەي
قەدەھلەرنى تولدۇرۇپ پەۋەس.

ھەرجۇرلاردىن گۈلگۈن پەرىلەر.
ئىپ چىقىپتۇ ئۈچ قەدەھتە مەي.
ئەجدىھانىڭ قۇۋۋىتى ئىكەن
"مەي"دىگىنى ئاچاركەن ئىشتەي.

مەينى ئىلىپ ئارقا - ئارقىدىن
كوتىرىپتۇ يىگىتمۇ شۇئان.
تومۇلاردىن پۇتكۇل بەدەنگە
تاراپتۇ كۈچ، ماغدۇر - قىزىل قان.

ئۇ خوشلىشىپ پەرىلەر بىلەن
ئۇچقۇر تايغا مىنىپتۇ سەكرەپ.
قاپتۇ ناخشا ئىيتىپ، ئۈزىتىپ
پەرىلەر چوڭ زەپەرلەر تىلەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

× ×

ئاقار ئىكەن زۇلمەتلىك كېچە،
قارا قازان ئاستىدا ئالەم.
ماڭار ئىكەن كېچىدە كەنجى
ئەقىل، قۇدرەت بوپتۇ ئۇندا جەم.

بارغان چاغدا جەڭگاھقا يېتىپ
بىر كىشنەپتۇ سەكرەپ چىپچەن تاي.
سىلكىنىپتۇ لەرزىگە كېلىپ
جىمجىت ياتقان جىلغا، پۈتكۈل ساي.

ئۇيغىنىپتۇ چۆچۈپ ئەجدىھا
چىقىرىپتۇ شىددەتلىك بوران.
كەنجى باتۇر كىيىپتۇ باشقا
خاسىيەتلىك كۈلانى شۇئان.

گۈكىرەپتۇ شىددەتتە بوران
چىقىراپ شوخ ھەيۋىلەر سېلىپ.
دەم يىقىلسا ئالدىغا قارىغاي،
دەم تېگەركەن شىخىل تاش كېلىپ.

تەلۋە بوران كارغا كەلمەستىن
يالقۇنلىغان ئوتنى چېچىپتۇ.
جىلغىلاردىن چوققىلارغىچە
تاغنىڭ ئىچى ئوت بوپ كېتىپتۇ.



بارار ئىكەن كۆلالىق يىگىت
قىزىل يالقۇن كوكسىنى بوسۇپ.
ئوت ئىچىدە چىڭدەك قىزارغان
قولدا قىلىچ، مەرتلىكى ئوسوپ.

تۇرغان ئىكەن ئەجدىھا غاردا
كارامەتلەر كورسىتىپ ماراپ.
قەھرى بىلەن تولغىنىپ ئەمدى
تاشلىنىپتۇ كەنجىگە قاراپ.

بىر كاليۇگى ئاسماندا ئۈنلۈك
بىر كاليۇگى يەردە ياتارمىش.
ئېلىشىپتۇ كەنجى باتۇرمۇ
قىلماي شۇندا قىلچىلىك تەشۇىش.

ئوت چاقناپتۇ تۇتۇشقان چاغدا
گويا چاقماق چېقىپتۇ ئاسمان.
تاغۇ - تاشلار كەپتۇ لەرزىگە
توپا - چاڭغا تۇشۇپتۇ جاھان.

غۇچۇرلاپتۇ ئېلىشقان چاغدا
چىشلىرىمۇ قاتتىق كىرىشىپ.
يىگەلمەپتۇ بىرسى بىرسىنى
يەتتە كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپ.

دەم ئېلىشنى قىپتۇ ئىلتىجا
ئەجدىھا شۇم چارچاپ ھاسىراپ،

رەھىمدىللىك سەھرا يىگىتى
رۇخسەت قىپتۇ تۇرقىغا قاراپ.

تۇمشۇغىنى چىلاپ ئەجدىھا
سۇمۇرۇپتۇ بىر دەريا سۇنى.
ھەيران قاپتۇ كەنجى باتۇرمۇ
ئۆز كوزىدە كورگەندە بۇنى.

تۇيۇقسىزدىن كەنجىگە قاراپ
قۇيرىغىنى بىرلا ئىپتىپتۇ.
كەنجى بىردىن شىخىل ئىچىگە
كانايغىچە كىرىپ كىتىپتۇ.

تەگلەپ قىلىچ ئەجدىھا كىلىپ
كاللىسىنى چاپاي دىگەندە،
دەپتۇ كەنجى: ”نامەرتلىك قىلدىڭ
ۋىجدان دىگەن يوق ئىكەن سەندە.“

تۇرۇپ قاپتۇ ياۋۇز ئەجدىھا
تەڭقىسلىكتە بىردەم ئويلىنىپ.
قوم ئىچىدىن تارتىپ كەنجىنى
چىقىرىپتۇ، بىر نەيرەڭ قۇرۇپ.

كىلەر ئىكەن ئەجدىھا ھەيۋەت
مەغرۇرلىنىپ، بەكمۇ كىرىلىپ.
بىراق، تەككەن قىلىچ زەربىدىن
يىقىلىپتۇ قوساق يىرىلىپ.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شاقىراپتۇ دەريانىڭ سۈيى
تەنتەنىدە شاۋقۇنلار سېلىپ،
تاشتىن ـ تاشقا سەكرەپ، ئېتىلىپ
تۈزلەڭلىككە قاراپ يول ئېلىپ.

يوقىلىپتۇ ئەجدىھا سايدىن،
چېقىلىپتۇ تومۇر ئىسكەنجى.
قاپتاللارغا سولانغان مالنى
پەسكە ھەيدەپ مېڭىپتۇ كەنجى.

يول ئۈستىدە قالغان ئۈچ پەرى
قوشۇلۇپتۇ كېلىپ بۇ سەپكە.
بىللە سەپەر قىپتۇ ئۇلارمۇ
ئازات بولۇپ غەمدىن ئەبەتكە.

چىم بۇلاقنىڭ يېنىغا كەلسە
ئاكىلىرى يېتىپتۇ ئۇخلاپ.
قايتار ئىكەن دۇنيادىن ئۇلار
كەلمىسە گەر ئىنىسى شۇ تاپ.

بېرىپ كەنجى شىپالىق دورا،
خەتەر ھالدىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ.
ھايات نۇرى قىلىپتۇ جىلۋە
ئۈمىت قۇشى خەندەن ئۇرۇپتۇ.

كورۇشۇپتۇ ئاكا ـ ئىنىلار
ئاشۇ جايدا ساق ۋە سالامەت.

مەپتۇن قىپتۇ ئاكىلىرىنى
پەرىلەرنىڭ ھوسنى ئالامەت.

چىرمىشىۋاپتۇ كوكۇللىرىنى
كەنجى ئېلىپ كەلگەن دارامەت.
ئۇلار بۇنى سەپەر ئۈستىدە
ئويلايدىكەن چوڭقۇر داۋامەت.

تۇن قاراڭغۇ ئۇيقۇغا كەتكەن
ئارام ئېلىپ بۇندا بارچىسى.
دىلدا قايناپ ئوغىسى بىراق
ياتار ئىكەن ئىككى ئاكىسى.

يىردىم تۇندە ئۇلار يوشۇرۇن
قولاق يىقىپ پىچىرلىشىپتۇ.
ئۇزۇپ - ئۇزۇپ ئەلەملىك تىنىپ
كوڭلىدىكى سىرنى يىشىپتۇ:

"يۇرت ئالدىغا، بوۋاي ئالدىغا
بارماقچىمىز قايسى يۈز بىلەن.
مىسلى جەننەت گۈزەل يىرىغا
بىز قارايمىز قايسى كوز بىلەن.

ئۇندىن كورە ئىنىمىز كەنجى
قالسۇن مۇشۇ جەزىرە، چولدە.
جايلىشىپتىپ ھازىرلا ئۇنى
تېز جونەيلى دەرھال مەلىگە......"

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇلار شۇنداق كېلىشىپتۇ ـ دە،
بولۇشۇپتۇ يەكدىل ۋە ئىجىل.
شۇم نىيەتنى بېجىرمەك بولۇپ
كىرىشىپتۇ ئىشقىمۇ دىدىل.

ئاڭلاپ قاپتۇ ئۇچىنچى پەرى
ئۇلارنىڭ بۇ سىرلىق سوزىنى.
كۆزىتىپتۇ قىلمىشىنى ئۇ
يوشۇرۇنچە ئۈزمەي كوزىنى.

بايقاپ تۇرسا قىنىدىن ئېلىپ
قىلىچىنى يالاڭاچلاپتۇ.
شۇمپەنلىكنىڭ يولىغا ئۇلار
نومۇس قىلماي قەدەم تاشلاپتۇ.

تۈن قوينىغا شۇڭغۇپتۇ پەرى
ئويغىتىپتۇ كەنجىنى بېرىپ.
ياتقان ئىكەن قاتتىق ئۇيقۇدا
كەتكىنىچۈن جەڭلەردە ھېرىپ.

گەپنى ئاڭلاپ دەرگۇمان بولۇپ
ئولتۇرۇپتۇ ئۇ ھەيران قېلىپ.
تۇرغىچە ئۇ تېگىپتۇ بىراق،
يامىپچىغا بىر قىلىچ كېلىپ.

ئىككى پۇتى چورتلا كېسىلىپ
ئۈزۈلۈپتۇ، ئاجراپ كېتىپتۇ.
چىشلىگەنچە قولىنى پەرى
پىچەنلىككە ئۆزىنى ئېتىپتۇ.

بىر قوساقتىن چىققان ئاكىلار
قېپتۇ شۈنداق ۋاپاغا - جاپا
مال دۇنيانى كوزلەپ شۇم نىيەت
قەست قىلىپتۇ قېرىنداشقا.

ئاختۇرۇپتۇ ئەتراپنى خېلى
تېپىلماپتۇ ئۇچىنچى پەرى.
شۇ كېچىدە كەنجىنى تاشلاپ
قوزغىلىپتۇ بۇ يەردىن بەرى.

ئۇلار يولدا ئىككى پەرىنى
خوتۇن قىپتۇ بىردىن ئۆزىگە.
شاتلىقىدا خەۋپ - خەتەرلەر
كورۈنمەپتۇ زادى كوزگە.

× ×

چىققان چاغدا نۇرىنى سېپىپ
لالىرەڭلىك ئۇپۇقتىن قۇياش.
كوتىرىپتۇ ئۇچىنچى پەرى
پىچەنلىكتىن ئاستاغىنە باش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلسە مېڭىپ ھىلىقى يەرگە
كەنجى ياتقان ھالسىز، قانسىراپ.
توختىماپتۇ تىڭشىسا نەپەس،
قىينىلاركەن چېكىپ دەرت، ئازاپ.

قىز ئويلاپتۇ: شۇ باتۇر يىگىت،
ئېرىشتۈرگەن بىزنى ھاياتقا.
يېتەلمىدى بىراق كوزلىگەن،
مەقسىدىگە، ئارزۇ - مۇراتقا.

ئايرىلمايمەن ھەرگىز ئۇنىڭدىن،
كوتەرمەيدۇ بۇ ئىشنى ۋىژدان.
ۋاپادارنى سويىمەن دىلدىن،
بولسام مەيلى بۇ يولدا قۇربان.

يوتكەپتۇ قىز كەنجىنى ئاستا،
ماكان ياساپ تېپىپ ئەپلىك جاي.
كويۈنۈپتۇ مېھرىنى توكۇپ،
بەرمەك بوپتۇ بىر پىيالە چاي.

بىراق ئوتلار ئوچۇپ كەتكەچكە،
غەم تولۇپتۇ قىزنىڭ كوكسىگە.
ئەتراپلارغا قاراپ باققىلى،
ئۇ چىقىپتۇ قوم دوڭ ئۇستىگە.



AltunOq

تىكىلىپتۇ چولپان كۆزلىرى،
تۇت تەرەپكە ـ سەھرا تامانغا.
كۆرۈنۈپتۇ يىراقتا ئاق ئىس،
تۆرغىدەكمىش تېگىپ ئاسمانغا.

ئويلاپتۇ ئۇ: ئاشۇ تەرەپتە،
بولسا كېرەك چارۋۇ ھەم چوپان.
بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ تېز،
ئۇچۇپ كېلىپ كەنجىگە شۇ ئان.

«ئوت كۆرۈنگەن يەرگە بارماسلىق
كېرەك ئىدى، خەيىر، سالاۋات» —
دەپتۇ كەنجى پەرىگە جېكىپ:
"يېنىپ كېلىمىز، ھايال قالماي پات."

ياغلىغىنى قولىغا ئېلىپ
تاغ تەرەپكە يۈگرەپتۇ پەرى.
چۈشەر ئىكەن ئايدەك يۈزىدىن
ئېقىپ يەرگە ئۈنچىدەك تەرى.

كۈن ئولتۇرغان مەزگىللەر بىلەن
كەپتۇ يېتىپ تاغنىڭ قېشىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بارغانسېرى كۆڭلى ئەنسىرەپ
ھەر خىل ئويلار كەپتۇ بېشىغا.

ئەتراپىنى چىتلىغان ھويلا،
دوۋە - دوۋە تۇرار كەن ئوتۇن.
ئولتۇرۇپتۇ ئوچكۇر ئالدىدا
چاق ئىگىرىپ پاخماباش خوتۇن.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئانا —
تازىم قىلىپ دەپتۇ ئۇ چېۋەر.
دەپتۇ خوتۇن: "يۇتمەكچى ئىدىم،
بۇ سالامىڭ بولمىسا ئەگەر."

قارىسا ئۇ، پەرى سەپ سېلىپ
يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئىكەن.
تېلەتى سەت، بەدەنلىرىنى
كىرپە ئوخشاش قاپلىغان تىكەن.

"يىگىم كەلگەن ئىدى يېڭى گوش
خويما ئوبدان كەپسەن بۇياققا، —
دەپتۇ ياۋۇز كوزىنى سانچىپ، —
ئۇلگۇرۇپسەن كەچلىك تاماققا!"

"ئانا، — دەپتۇ پەرى يىلىنىپ، —
ئۇنىڭسىزمۇ كوڭلۇم بەك يېرىم.

ئالدىڭىزغا ئۇتقا كەلگەندىم
ئۇيدە قالدى يېرىم جان ئېرىم.

مەن ئۇيۇمگە ئۇتنى ئاپىرىپ
بىر چىنە چاي بېرەي ئالدىدا،
تەسەددۇقمەن ئۇنىڭدىن كېيىن
قىلىسىڭىز مۇ جېنىمدىن جۇدا!"

ماقۇل كېلىپ موھلەت بېرىپتۇ
بولغان چاغدا قاراڭغۇ - خۇپتەن.
ئېتىگە كۆلنى قاچىلاپ،
دەپتۇ: "بۇنى توكۇپ ماڭسەن".

كۆلنى چېچىپ يول بويى پەرى
يېتىپ كەپتۇ ئۇيىگە ئاخىر.
بولغان ئىشنى سوزلەپ بېرىپتۇ
سۈيگىنىگە قىلالماي تەخىر.

ئولتۇراركەن ئازاپتا كەنجى
يا ئورنىدىن ئورە تۇرالماي.
"خەپ" دەيدىكەن، قايغۇ - ھەسرەتتە
بۇ ئەلەمگە زادى چىدالماي.

يوشۇرماقچى بوپتۇ كەنجىنى
قومۇشلۇققا پەرى كوتىرىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەتىسىۇن دەپ يالماۋۇز كېلىپ
كەنجىسىمۇ قوشۇپ ئوۋلىتۇرۇپ.

يولدىكى كۆل ئىزىغا قاراپ
كەپتۇ يېتىپ يالماۋۇز ئاپەت.
ئاچچىقىدا دەرھال كەنجىنى
بىر يالماپتۇ قىلالماي تاقەت.

پۇتلىرىنى تىرىپ ئەكىلىپ
كانىيىدا پۇرلاپ تىقىپتۇ.
كەنجى ئۇنىڭ كەينىدىن بىراق
سەللىمازا، پۇتۇن چىقىپتۇ.

ئۇ، تىنارمىش ئۆركۈزگە ئوخشاش
غۇچۇرلىتىپ چىشىنى چايناپ.
ئىككىسىنى ئالدىغا سېلىپ
ئېپ مېڭىپتۇ ئۆيىگە ھەيدەپ.

كۆيىدىكەن ھويلىدا قانچە
چوڭ - چوڭ گۈلخان ئوچمەي، توختىماي.
كېتىدىكەن كېچىدە، تۈندە
قىزىل يالقۇن بولۇپ ھەممە جاي.

شۇ ئىسسىقنىڭ تەپتىدە راھەت
ياشايدىكەن يالماۋۇز خوتۇن.

ھويلىسىغا ئالاركەن دوۋىلەپ
نۇرغۇن - نۇرغۇن سەرجانلاپ ئوتۇن.

ئوت قالاشنى، ئوتۇن يېرىشنى
كەنجى باتۇر ئۈستىگە ئاپتۇ.
يالماۋۇزنىڭ بېشىنى يېقىش
پەرى قىزنىڭ ئىشى بوپ قاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ كەنجىلەر بۇندا
قىلىشىپتۇ چاكار بولۇشۇپ.
بىز سوزلەيلى ئاكىلىرىدىن
ھىكايىمىز كەتسۇن ئۇلۇشۇپ.

× ×

ماڭار ئىكەن ئۇلار يول بويى
قىقاس سېلىپ، ۋاڭ - چۇڭ كوتىرىپ.
ماللىرىنى ئەيش - ئىشرەتكە
خالىغانچە چېچىپ، بۇزۇشۇپ.

بىر كۈنلىرى كىرىپ بېرىپتۇ
يۇرتقا دەريا بويىنى بويلاپ.
قارشى ئاپتۇ ئەل - يۇرت شادىمان
ناغرا چېلىپ ئۇسۇللار ئويناپ.


AltunOq

گەر زەپەرنىڭ غۇرۇرى، پەخرى
ئانىسىنى ئالسمۇ ئوراپ.
ئەل ياتاردا كەنجى ئوغلىنىڭ
دېرىگىنى قىپتۇ ئۇ سوراپ.

موماي ياتار ئىكەن كەنجىنىڭ
قايغۇسىدا ئاھ، پەريات ئۇرۇپ.
ئەما بولۇپ قاپتۇ كوزلىرى
تولا يىغلاپ، ياشلىرى قۇرۇپ.

قىلغان ئىكەن ئىككى نامەرتمۇ
بۇ توغرىلىق پىششىق مەسلىھەت.
يېتىپ كەپتۇ مەسلىھەتىنى
بايان قىلىش ئۈچۈن ياخشى پەيت:

”ئەجدىھا شۇم يالغۇز ئەمەسكەن
كويىقاپنىڭ ـ غارنىڭ ئىچىدە.
يەكمۇ ـ يەك جەڭ قىلدۇق بىز بىرىپ
دەم ئالماستىن كۈندۈز ـ كېچىدە.

يەتتە كېچە ـ كۈندۈز دىگەندە
يەڭدۇق ئۇنى ئىچكىرلەپ كىرىپ.
شېھىت بوپتۇ ئىنىمىز كەنجى
غار ئىچىدىن چىقساق بىز يېنىپ.“

ئېچىنىش ۋە قايغۇ ـ ھەسرەتتە
ئۇلار ھوقۇرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.
تۇتقان بولۇپ مۇسىبەت، ھازا
كوز ياش قىلىپ مۇڭغا پېتىپتۇ.

كويدۇرەركەن ھەر كۈن بوۋاينىڭ
يۈرىكىنى بالىنىڭ ئوتى.
كىشنەپ تۇرغان تاينى كورگەندە
بىلىنەركەن باغرىنىڭ يوقى.

بوغۇز يەمەي كىشنەپ ئۇچقۇرتاي
ژۇلقۇيدىكەن تالاغا قاراپ.
گۇمان پەيدا قىپتۇ بوۋايدا
چېچەن تاينىڭ ھەركىتى شۇ تاپ.

توقۇپ تاينى قويۇپتۇ ئاتا
كەنجى تۇتقان قىلىچنى ئېسىپ.
قويۇپ بەرگەن ئىكەن دالاغا
تاي ئۇچۇپتۇ چوللەرنى كېسىپ.

ئايلىق يولنى ھەپتىدە بېسىپ
كەپتۇ يېتىپ ئوڭكۇر ئالدىغا.
كېچە ئىكەن، قاراڭغۇ ئىكەن
تاي كىشنەپتۇ تۇرۇپ دالىدا.

www.uyghurkitap.com

تاي ئۇننى ئاڭلاپتۇ كەنجى:
"چۇشۇمۇ بۇ، ئوڭۇمۇ" — دەپتۇ،
تۇيدۇرماستىن ئوڭكۇردىن چىقىپ
يۈگرەپ تاينىڭ يېنىغا كەپتۇ.

كوزلىرىگە ئىشەنمەي دىسە
قەددىناز تاي تىپىرلاپ تۇرغان.
ئىگەرلىرى توقۇلغان ئەپچىل
مىسران قىلىچ يانغا ئېسىلغان.

تۇتالماستىن ئوزىنى، كېلىپ —
بويىنىدىنلا ئاپتۇ قۇچاقلاپ.
قاشقىسىغا سۆيۈپتۇ تاينىڭ
ئىختىيارسىز سۆيۈنۈپ يىغلاپ.

غەزەپ بىلەن قىنىدىن سۇغۇرۇپ
قىلىچىنى قولىغا ئاپتۇ.
دەستىسىنى ئۇچۇملاپ مەھكەم
ئوڭكۇر تامان قەدەم تاشلاپتۇ.

ئاستا كېلىپ قىزنى ئويغىتىپ
ئېيپ چىقىپتۇ تاينىڭ قېشىغا.

ئاندىن كىرىپ ئۇرۇپتۇ قىلىچ
يالماۋۇزنىڭ يەتتە بېشىغا.

جۇداقىپتۇ يالماۋۇزنىمۇ
بىر ئۇرۇپلا قىرىق بىر جاندىن
سۆيگىنىنى ئالدىغا ئېلىپ
تۇلپارىغا مىنىپتۇ ئاندىن.

قانات ياساپ ئۇچۇپتۇ چولدە
ئوز يۇرتىغا قاراپ ئۇچقۇر تاي.
قاپتۇ ئارتتا قېلىن ئورمانلار،
قۇم بارخانلار، تاغلار، خىلۋەت ساي.

تاڭ ئېتىپتۇ، سەھەر قۇياشى
نۇر توكۇپتۇ گوياكى ئالتۇن.
قىرغاقلارغا ھۇجۇم ياسىغان
ئۇنچىلەردە چاقناپتۇ يالقۇن.

ئۇلار يولنى ئاياقلاشتۇرۇپ
كەپتۇ قۇتلۇق ئويىگە يېتىپ.
ياتقان ئىكەن ئەما ئانىسى
دەرماندىن، ھالدىن كېتىپ.

قۇچاقلاپتۇ ئوغلىنى ئانا
مېھرى بىلەن يېقىپ يۈزىنى.
قوللىرىدا سىلاپتۇ كەنجى
ئانىسىنىڭ كورمەس كوزىنى.

ئېچىلىپتۇ ۋاللىدە كوزى
قۇتۇلۇپتۇ قايغۇدىن ئوزى.
بالىسىغا ياققاندا باغرىن
بۇلبۇل كەبى ئۇرغۇپتۇ سوزى.

بايان قىپتۇ ئولتۇرۇپ كەنجى
باشتىن ئوتكەن سەرگۈزەشتىنى.
تىڭشار ئىكەن ئاتا - ئانىسى
قويۇپ شۇنچە زېھنى، رىشتىنى.

ئۇ سوزلەپتۇ ئاكىلىرىنىڭ
چەككەن جاپا، كەچمىشلىرىنى.
تۇندە قىلىچ بىلەن چانىغان
نامەرتلىگى، قىلمىشلىرىنى......

توكۇلۇپتۇ يامغۇردەك يېشى
چىدالماستىن يىغلاپتۇ موماي.
دەرغەزەپتە قىلىچنى ئېلىپ
دەس تۇرۇپتۇ ئورنىدىن بوۋاي.

## بوۋاي

چىقىپ جەڭگە بىلىگىنى باغلاپ
بولۇشتىڭمۇ تەييارغا ئەييار.
ۋاپاسىزغا ئورۇن بەرمەيدۇ
سۆيۈملۈك ئەل، بۇ ئانا دىيار.

سەنلەر ئوخشاش كۆرمىگ يىگىتتىن
ئەۋزەل ماڭا كەنجىدەك بىرسى.
بولسۇن ساۋاق، ۋاپاسىزلارنىڭ
كويۇپ پۈتسۇن شۇملۇق، ھىلىسى!

دەپتۇ - دە، ئۇ ئىككى ئوغلىنى
رەھىمە قىلماي چاناپ تاشلاپتۇ.
شوھرىتىگە كەنجى ئوغلىنىڭ
چوڭ مەرىكە - تويىنى باشلاپتۇ.

× ×

كەنجى باتۇر جەڭ قىلغان ئىكەن
تاڭ قالدۇرۇپ ياۋنى زىيادە.
گۈللەش ئۈچۈن ئانا يۇرتىنى
ئەنە شۇنداق ئىكلەپ ئىرادە.

www.uyghurkitap.com

# شاھزادە ۋە ئۈنىڭ دوستى

بۇندىن بۇرۇن — قەدىم زاماندا
كۈنچىقىشتا - شەرق تاماندا،

ئارۇن دېگەن بىر شاھ بار ئىكەن،
بايلىقىغا زىمىن تار ئىكەن.

گەر بولسىمۇ بايلىقلىرى مول،
كورگەن ئىكەن يالغۇز بىر ئوغۇل.

بەھرام ئىكەن ئوغلىنىڭ ئېتى،
يوقىكەن تۇزۇك دوستى، ئۇلپىتى.

*

چاقىرىپ شاھ ئوڭ قول ۋەزىرنى،
مۇنداق دەپتۇ جىكىپ بىر كۈنى:

"چوڭ بولماقتا ئوغلىمىز بەھرام،
يېغىپ شانۇ - شەۋكەت، ئېھتىرام.

چوڭ بولماقتا ئويناپ ۋە كۈلۈپ،
كوڭلى تارتقان يەرلەردە يۈرۈپ.

ئويلەش ئۇنى بىزنىڭ بۇرچىمىز،
تېپىش كېرەك لايىغىدا قىز.

ئالدى بىلەن بىر دوست تېپىڭلار،
بۇ مەخسەتكە چوقۇم يېتىڭلار:

دوستى بولسۇن سەزگۈر ھەم چېۋەر،
ئىشتا توغرا مەسلىھەت بېرەر.

بولسۇن قورقماس ئۇنىڭ تەگتۇشى،
پاراسەتلىك، جايىدا ھۇشى.

زاتى بولماي قالسا مۇتىۋەر
مەيلى، ئۇندا يوقتۇر چوڭ زەرەر."

"خوپ!" دەپتۇ ـ دە، ۋەزىر تۇرۇپتۇ.
مەيدىسىگە قاتتىق ئۇرۇپتۇ.

خەزىنىدىن نۇرغۇن پۇل ئېلىپ،
شاھزادىنى ئارقىغا سېلىپ؛

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاتلىنىپتۇ بىر كۈنى سەھەر
يىراقلارغا ئېلىپ يول، سەپەر.

يۈرەر ئىكەن شەھەرمۇ ـ شەھەر
ئۇچقىشىپتۇ كوپلەپ يىگىتلەر.

كېلىپ ھەر خىل شىرىن ئويلارغا
ئاپىرىپتۇ مەشرەپ، تويلارغا.

كورسىتىپتۇ شاھزادىلەرنى
سودىگەرلەر، بەگزادىلەرنى.

كورسىتىپتۇ باينىڭ باللىرىن،
تېشىپ تۇرغان دۇنيا ـ ماللىرىن.

چىققان ئىكەن نى، نى چەۋەنداز
ئېيتىلىشىچە، بۇ ئالەمدە ئاز،

يەنە كوپ دوست چىقىپتۇ شۇنداق
ياراتماپتۇ شاھزادە بىراق.

تاپالماستىن كوپ جايغا بېرىپ،
يېنىپ كەپتۇ ئاقۋەت ھېرىپ.

بىر كۈنى شاھ شىكاردىن قايتىپ،
ئارغىماقنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ؛

كېلەر ئىكەن تولىمۇ خوشال
بولغان چاغدا كەچكىردىپ زوۋال،

ئۇچقىشىپتۇ بىر يوغان چىنار،
كورسە ئادەم بەكمۇ زوقلىنار.

ئۇندا نەچچە ئادەم توپلىشىپ،
ئولتۇرۇپتۇ قىمار ئوينىشىپ.

قىمارۋازلار ئۇلارنى كورۇپ
ھەر تەرەپكە قېچىپتۇ ئۇركۇپ.

ئەمما بىرسى قاچماي تۇرۇپتۇ،
قالغانلىرى غايىپ بولۇپتۇ.

ھەيران بوپتۇ شاھزادە قاراپ،
باتۇرلىغى كوڭلىگە ياراپ.

بەھرام ئۇنىڭ ئالدىغا دەرھال
بېرىپتۇ - دە، سوراپتۇ ئەھۋال:


AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئىسمىڭ نىمە، ئۆزەڭ قەيەرلىك،
قولۇڭ قايسى كەسپكە ئەپلىك؟

— يۇرتۇم چولدۇر، ئىتىمدۇر مەردان،
باش تەقىدەك مەندە يوق ماكان.

ئاتا ـ ئانا بولمىغان نىسىپ
قىمارۋازلىق مەندىكى كەسپ.

قىمارۋازدا كورۇلگەن جۇرئەت
ھەمدە راستچىل ئىسىل پەزىلەت،

شاھزادىنى قىلىپتۇ قايىل،
پادىشامۇ بولۇپتۇ مايىل.

مىندۇرۇپتۇ ئۇنى ئىتىغا
ئىپ كىتىپتۇ ئۇدۇل ئوردىغا.

دوست تىپىلغاچ يالغۇز ئوغلىغا.
توغرا كەلگەچ شاھنىڭ ئويىغا،

شاھ بولۇپتۇ تولىمۇ خوشال
خوش قىلماپتۇ ۋەزىرنى بۇ ھال.

قىمارۋازنى ئېمپ ماڭغان چاغدا
قاپتۇ ۋەزىر ھەسرەتتە، داغدا.

ئىچى ئاداپ، تارتىپ بەك جەۋرى
قىپتۇ نۇرغۇن ئېغىرلىق، سەۋرى.

بارار ئىكەن ئوڭۇپ، تاتىرىپ
قەغەز يەڭلىغ رەڭگى ئاقىرىپ.

تېپىلغاچقا دوست بەكمۇ قىيىن
شاھ ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن،

بۇ دوستلۇقنىڭ شەرىپى ئۈچۈن
يىگىتلەرنى چاقىرىپ بىر كۈن،

تەكلىپ قىلىپ چەتتىنمۇ ھەتتا
ئۆتكۈزۈپتۇ زىياپەت كاتتا.

شاھ ئېيتىپتۇ ئاشۇ سورۇندا
تۇرۇپ مەغرۇر شاھلىق ئورۇندا:

"پۈتكۈل ئەلگە بولسۇنكى روشەن
پېقىر بۈگۈن تولىمۇ خۇرسەن:

ئوغلۇم بەھرام تاپتى ئاغىنە
بۇ شەرەپكە بولسۇن تەنتەنە.

مەردانجانىمۇ ئۆزەمنىڭ ئوغلۇم،
پەرزەنتلەرگە كوكسۇمدە قولۇم.

دولىتىمدە ئوسۇڭلار ئەركىن،
چىن دوستلاردىن بولۇڭلار لېكىن.

ۋاپادار بوپ مەڭگۈ ئىككىڭلار
دوستلۇق ئۈچۈن جاننى تىكىڭلار!

كەلگۈسىدە سىلەرنىڭ دولەت
پۈتكۈل شەرەپ - شانۇ ھەم شەۋكەت."

شۇندىن كېيىن مەشرەپتە، تويدا
بۇ ئىككى دوست بىللە ھەر كويدا،

ئويناپ - كۈلۈپ خوشال يۈرۈپتۇ،
شاھ ھوزۇردا دەۋران سۈرۈپتۇ.

كەپتۇ بىر كۈن ئوۋغا چىققىسى،
گۈزەل تاقا بىللە ئىككىسى.

ئات ئۇستىدە بىر بىرىن قوچۇپ،
ئاتلىنىپتۇ ئوردىدىن ئۇچۇپ.

پىشايۋاندا تۇرۇپ پادىشا
زوقلىنىپتۇ بۇ ئىشقا راسا.

تۇرغان ئىكەن ۋەزىرمۇ قاراپ
ھوجۇرىسىدا رۇجەكتىن ماراپ.

ھەسەتخورلۇق پاتماي كاللىغا
بېرىپتۇ ئۇ شاھنىڭ ئالدىغا:

"دىمەكچىدىم بىر گەپنى ئەسلى
دىمىگەندىم يەتمىگەچ پەسلى.

مەن بىر ئىشقا خېلىدىن ھەيران،
ئويلىغانچە بولىمەن غەمخان.

مەردان بولسا قىمارۋاز، لوكچەك،
زاتى بىزدىن تېخىمۇ بولەك؛

نەسلىمىزگە كېلەرمۇ راۋا
دەردىمىزگە بولۇرمۇ داۋا؟"

دەپتۇ شۇندا پادىشا ئاستا
باللارنى قىلىپ بىر ۋاستە:

"كىچىك ئەمەس بەھرامۇ ھازىر
ئويلىشايلى بۇنىمۇ ۋەزىر.

تارتقان بولسا كوڭۇل خاھىشى،
يول قويايلى بۇ دوستلۇق ئىشى،

ئۇسسۇن بولۇپ باللار زىرەك،
توغرا ئىشتىن بوغماسلىق كېرەك".

بۇ سوزلەرگە بولمىغاچ مايىل،
ئوز گېپىدە تۇرۇپتۇ جاھىل:

«ئىت سەمرىسە ئىگىسىن چىشلەر"
دېيىشەركەن دائىم كىشىلەر.

ئوردىمىزدا يۇرسە قىمارۋاز،
ئەنسىرەركەن كوڭلىمىز بىر ئاز.

كەلگۇمىزدىن قىلىپ ئەندىشە،
ياتالمايمەن ئويلاپ ھەمىشە.


Altun Oq

بىر كۈنلىرى ئاشۇ كاساپەت
پەيدا قىلماس بىرەر پالاكەت؟!“

شاھ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ يەنە
مۇنداق دەپتۇ قىلىپ تەنتەنە:

”مەن بايقىسام ئىت ئەمەس ئەسلى.
يولۋاس بىلەن شىر ئىكەن نەسلى»

كەلگۈسىدىن بولۇپ خاتىرجەم
بىھۇدىلا يىمەي تولا غەم،

بىز تىلەيلى بەخت ـ سائادەت،
بولسۇن باللار ساق ۋە سالامەت.“

ۋەزىر ئەمدى گەپ قىلالماپتۇ،
لەۋنى چىشلەپ جىم بولۇپ قاپتۇ.

بۇ ئىككى دوست كېچە ھەم كۈندۈز
ئوتتۇشۇپتۇ بولۇپ ئىناق، ئوز.

بارغانسېرى، دوستلۇق كۈچىيىپ،
ئوسەك سوزلەر قاپتۇ كوپىيىپ.

قىلىنىپتۇ غەيۋەت ـ شىكايەت
پەيدا بوپتۇ ھەر خىل رىۋايەت.

سېزىپ مەردان بەزەنلىرىنى
شاھزادىگە دەپتۇ بىر كۈنى:

"تارقىلىپتۇ غەيۋەت، سوز ـ چۆچەك،
ئارقىمىزدىن دائىم دىگۈدەك.

بىز ئايرىلىپ يۈرسەك بىر مەھەل،
پىتنە ـ ئىغۋا بېسىقسۇن سەل ـ پەل."

شاھزادىمۇ توغرا تېپىپتۇ،
مەنىسىگە دەرھال يېتىپتۇ.

دەپتۇ يەنە: "دوستۇم بەھرامجان
مىنى تاپماق بولساڭ ھەرقاچان،

بارغىن ھەيۋەت چىنار تۈۋىگە
ماڭا پانا مۇنار تۈۋىگە.

بىر توۋلىساڭ يېتىپ كېلىمەن،
ئاقبوز ئاتنى چىپىپ كېلىمەن"

بىر بىردىگە قىيالماي تەستە
ئايرىلىپتۇ ئىككى دوست كەچتە.

مەردان ئاندىن قايتىپ كېتىپتۇ
كوپ ئوتمەستىن چولگە يېتىپتۇ.

شاھزادىنىڭ كوڭلىنى گۇمان
قاپلىۋاپتۇ بولۇپ بىر تۇمان.

ئەنسىرەپتۇ ئاغىنىسىدىن،
چىقمىغاچقا زادى ئېسىدىن.

”كەلمىگەندۇ بىرەر پېشكەللىك،
ئاغىنەمگە ماڭا ئىشەنچلىك“

دەپتۇ - دە، ئۇ ئېتىغا مىنىپ،
بېرىپتۇ تېز چولگە ئاتلىنىپ.

چۆلدە دەريا شاقىرار ئىكەن
كۈن نۇرىدا پارقىرار ئىكەن.

تۇيۇقسىزلا سۇنىڭ ئۇستىدە
ئوخچۇپ تۇرغان دولقۇن كوكسىدە

پەيدا بوپتۇ بىر ئىسىل قولۋاق
زەپمۇ ئەپچىل ئۇرۇلار پالاق.

كېلەر ئىكەن قولۋاقتا ئېقىپ،
چېككىسىگە غۇنچىنى تېقىپ،

ئايدىن ئىسىل، بىر گۈزەل پەرى،
گۇيا كۈندەك چېچىلىپ نۇرى.

ۋۇجۇدىغا تولغان نازاكەت،
كوزلىرىدە ئەقىل - پاراسەت.

مۇشكى ئەنبەر ھىدلىرى كېلىپ،
دىلنى قاتتىق لەرزىگە سېلىپ،

جادۇ كىرپىك شەپقەتسىز ئىكەن،
گۈزەللىكتە تەڭداشسىز ئىكەن.

چېككىسىدىن غۇنچىنى ئېلىپ،
شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ،

شەپقەت چېچىپ مەستان كوزىدىن،
نۇرلار سېپىپ ئانار يۈزىدىن،

دەپتۇ قىزىل غۇنچىنى سۇنۇپ،
زەپ يېقىملىق، تۇرغاندەك تونۇپ:

"يىگىت، مېنى ئەسلەر بولساڭىز،
يىراقىمدا دەرتكە تولساڭىز،

ئۇشبۇ قىزىل غۇنچىنى ئېلىڭ،
ئىزلەپ مېنى كورگىلى بېرىڭ."

يىگىت خۇرسەن غۇنچىنى ئاپتۇ،
زوقى كېلىپ قىزدىن سوراپتۇ:

"شەمسى قەمەر يۈزلۈك ئانارىم
كورۈپ سىزنى ئورتەندى باغرىم.

ماھى تابان، قايدىن بولۇرسىز
نە دىياردا جەۋلان قىلۇرسىز؟"

چېھرىسىدىن بېغىشلاپ ھايات
دەپتۇ بېقىپ تەنناز پەرىزات:

"يۇرتۇم يىراق شەھرى شەبىستان
خازانى يوق بوستان - گۇلۇستان.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھارۇن شاھنىڭ قىزى بولۇرمەن
ئۇندا ئەركىن پەرۋاز قىلۇرمەن.“

شوخ دولقۇنلار ئوخچۇپ ئاجايىپ،
بۇژغۇن ئارا قىز بوپتۇ غايىپ.

گۈلنى تۇتۇپ قاپتۇ ـ دە، بەھرام،
يالقۇنلىنىپ، كوتەرگەندەك جام.

يىقىلىپتۇ ھۇشىدىن كېتىپ،
قاپتۇ دەريا بويىدا يېتىپ.

بىر ھازادا ھۇشىغا كەپتۇ،
دوستىنى ئۇ قاتتىق ئەسلەپتۇ.

”مەردان!“ — دەپ چىڭ تووۋلاۋاتقاندا،
ئات كىشنەپتۇ چول ـ باياۋاندا.

چېپىپ كەپتۇ چومۇلۇپ تەرگە
مەردان سەكرەپ چۈشۈپتۇ يەرگە.

قۇچاغلىشىپ ئىككى دوست خوشال،
بىر بىرىدىن سورۇشۇپتۇ ھال.

پەرىزاتنى كورگىنىن ئايان،
قىپتۇ بەھرام دوستىغا بايان:

"زىلۋا ئىكەن ئەجەپمۇ تۇرقى،
يۈرەككە ئوت سالدى ناز - خۇلقى.

كۆتتۈم ئۇنى شۇنچە بىقارار،
چىقمىدى ھېچ، نىمە چارە بار؟

شۇئان قاتتىق ئەسلىدىم سىنى،
يار ۋەسلىگە يەتكۈزگىن مىنى"

ھەيران بولۇپ ئېيتىپتۇ مەردان،
ئاگلىغىنىن دوستىغا شۇئان:

"بارمىش ئۇنىڭ بىر تال غۇنچىسى،
ئاشىق ئىكەن ئاڭا بارچىسى.

بەرسە كىمگە ئەگەر غۇنچىنى،
قىز پەرىشان كۆتەركەن شۇنى"

چىقىرىپتۇ بەھرام قوينىدىن،
شاتلىغىدا غۇنچىنى بىردىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

غۇنچىسىنى كورۇپ خوش بولۇپ،
دەپتۇ مەردان ئۈمىتكە تولۇپ:

"يەتىمەك ئۇچۇن يارنىڭ ۋەسلىگە،
يار ئوينىغان باھار پەسلىگە،

بارايلى يۇر شاھنىڭ قېشىغا،
بەرسۇن بىزگە رىزالىق، دۇئا"

كەپتۇ يېتىپ ئۇلار ئوردىغا،
كىرىپتۇ ھەم شاھنىڭ ئالدىغا؛

دەپتۇ بەھرام:
"قەدىرلىك ئاتا،
بولمىغايسىز....
سوزۇمگە خاپا.

كوردۇم سىلى ئاي جامال پەرى،
ئىكەن دېڭىز ئاستىدا شەھرى.

دىللىرىمغا نۇرلار چاچتى ئۇ،
ئەس - يادىمنى ئېلىپ قاچتى ئۇ.

غەم ئەسرىمەن بولالماي تىنىچ،
كار قىلمىغاي داۋا - دورا ھېچ.

سەپەر تۇتسام مۇھاپەت بەرسەڭىز،
شىپالىقتۇر رەنجىمگە شۇ قىز.“

شاھ ئېيتىپتۇ :”بۇ يامان سەپەر،
ماڭماق بولغان يۈرۈكۈڭ بەك خەتەر.

گەر كورۇلسە بىرەر ھادىسە،
كى چاپلاشسا كاشال، دەدىسە.

سۇ ئاستىغا يا مەن كىرەلمەي،
ياردىمىمنى ئەسلا بېرەلمەي،

ئوتەر مەڭگۇ ئومرۇم ھەسرەتتە
يىغلاپ غەملەر ئىچىدە، دەرتتە...

بۇ نىيەتتىن يانساڭچۇ ئوغلۇم،
باشقا يولغا ماڭساڭچۇ ئوغلۇم.“

”ئاتا“ — دەپتۇ بەھرام يالۋۇرۇپ،
گەپنى ئۇزۇپ ھەم كەسكىن تۇرۇپ:

”ئاغىنەم بار، يېنىمدا مەردان،
تاغدەك يولەك ماڭا ھەرقاچان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاشقلارنىڭ بىلسەڭ، بىردەمەن،
شىبىستانغا شۇڭغۇپ كىردەمەن.

يار ۋەسلىگە بېرىپ قانمەن،
پەرىزاتنى ئېلىپ يانمەن.

بىزدىن ئاتا، بولۇڭ خاتىرجەم،
ۋەسۋەسىدە يىمەڭ ھەرگىز غەم"

"خەيىر" — دەپتۇ پاددىشا غەمدە،
خەت پۈتۈپتۇ پەلكۆچ قەلەمدە.

ئاق قەغەزگە دۇرلار تىزىپتۇ،
نامىسىدا مۇنداق يېزىپتۇ:

«سالام سىزگە شاھلارنىڭ شاھى،
شىبىستاندا ئەلنىڭ پاناھى.

بولسۇن ئايان سالامدىن سوڭرە،
ئېيتاي نىيەت مەقسەتنى سىزگە:

كەمىنىڭىز پادىشا ئارۇن
تۈزگەن ئىدىم بىر نىزام-قانۇن،



Altun Oq

بېسىپ كىرگەن ياۋنى قوغلاشقا،
خەلقىمىزنى ئامان قوغداشقا،

ئوزلىرىگە تۇغۇلۇپ مۇھتاج
چۇشتى بۇگۇن جىددى ئېھتىياج.

قورال - ياراق بەرگەيسىز ياردەم،
كۇتمەكتىمەن جاۋابىن ھەردەم.

ئىشەنچ قىلىپ جەزىبىگىزگە
شاھزادەمنى ئىبەردىم سىزگە"

ئېھتىرامدا مەكتۇپنى ئاپتۇ،
مەردان قاتلاپ يانچۇققا ساپتۇ.

قاچىلاپتۇ ئوزۇق - تالقاننى،
ئاپتۇ قولغا قىلىچ - قالقاننى.

خوشلىشىپتۇ ئاتلارغا مىنىپ،
كېتىپتو تېز ئۇلار ئاتلىنىپ.

مېڭىپتۇ بىر دەريانى بويلاپ،
شىرىن خىيال، ئويلارنى ئويلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

شۇنداق يۇرۇپ بىرنەچچە كۈنلەپ،
توختىماستىن ھەتتاكى تۈنلەپ،

ئۇچقىشىپتۇ، ئالدىغا دېڭىز،
تۇرار ئىكەن يېيىلىپ چەكسىز.

يامرايدىكەن ھەيۋەت شاقىراپ
جاھاننامە كەبى پارقىراپ،

بىر چېتىدە دېڭىزنىڭ پەقەت،
بىرتال قومۇچ كۆتەرگەن تىك قەد

خاسىيەتلىك ئىكەن ئۇ قومۇش،
خىسلىتىكەن چوكمەيلا تۇرۇش.

شىبىستانغا بولۇپ ئۇ بەلگۈ،
تۇرار ئىكەن ياپ - يېشىل مەڭگۈ.

شۇڭا ئۇلار بۇيان كېلىشىپ
شۇ قومۇشنى نىشان قىلىشىپ،

ئۈزۈشۈپتۇ دولقۇنلار يېرىپ،
دەل قومۇشنىڭ يېنىغا بېرىپ.

ئىككى ياقىدا ئايرىلىپ سۇلار
سۇ ئاستىغا چوكۇپتۇ ئۇلار.

بىر ھازادا چېچىلىپ بەھرى،
كورۇنۇپتۇ شىبىستان شەھرى.

كورۇنۇپتۇ زۇمرەت تاغلىرى،
مۆجىزارلىق گۈزەل باغلىرى.

كورۇنۇپتۇ نۇرغۇن ئىمارەت،
تۇرار ئىكەن قاتار، رەتمۇ - رەت.

ئىمارەتنىڭ تاملىرى مەر - مەر،
قىرلىرىدا چاقناپ ئالتۇن زەر.

شەھرى كۈندەك پارلاپ نۇر چېچىپ،
تۇرار ئىكەن گۈل چىراي ئېچىپ.

ئۇلار ئاستا چۈشۈپتۇ يەرگە
مېڭىشىپتۇ قاراپ شەھەرگە.

بىر ئىمارەت قاپتۇ ئۇچۇقىشىپ،
ئىشىگىگە سېلىنغان قۇلۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھويلىسىدا چىرايلىق گۈللەر،
يايرايدىكەن قاراپ كوكۇللەر.

ئۇلار ئاستا ئويگە كىرىپتۇ،
بىر مومايغا سالام بېرىپتۇ.

موماي ئىكەن ئاقدىل، مېھرىبان
قارشى ئاپتۇ ئۇلارنى شۇئان.

موماي دەپتۇ: "تورگە چىقىڭلار،
بالام سىلەر نەدىن كەلدىڭلار؟"

دەپتۇ ئۇلار مومايغا گەپنى،
يۇرتىنى ۋە نىشان مەقسەتنى......

دەپتۇ يەنە: قىلغىن بىر شەپقەت،
بەرگىل بىزگە بۇ يەردا مەددەت.

موماي دەپتۇ: "بولىدۇ بالام،
ئاۋال سىلەر ئېلىڭلار ئارام.

ئايتۇرسۇندۇر بۇ قىزنىڭ ئېتى،
ئۇلۇغ ئۇنىڭ نامى، شۆھرىتى.

شاھىمىزنىڭ بىرتال قىزى ئۇ،
ھاياتىنىڭ باھار، يېزى ئۇ،

ساقلار ئۇنى ئۇچيۈز قاراۋۇل،
كورۇشۇشكە قويماي قىلچە يول.

ئۇلار سەھەر ئارام ئالىدۇ،
شۇ چاغ بۇ قىز يالغۇز قالىدۇ.

ئويغىنىمەن سىلەرنى سەھەر،
بىز قىلىمىز ئوردىغا سەپەر.»

يول كورسەتكەچ تەدبىرلىك موماي،
تۇيۇلۇپتۇ بۇ، ئاسان ئوڭاي.

سەھەر پەيتى يېتىپمۇ كەپتۇ،
موماي تۇرۇپ ماڭايلى دەپتۇ.

ئۇلار مېڭىپ ئوردىغا نېلىپ،
كۆزنىپتۇ ئوبدان سەپسېلىپ.

دەم ئالغاچقا قاراۋۇللىرى
ئوچۇق قاپتۇ ئوي - ھوجۇرلىرى.

كورسىتىپتۇ بىر ئوينى موماي،
ئوچۇق ئىكەن ئىشىك ھاڭغىرقاي.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەپتۇ ئاستا بەھرامغا مومايى:
"شۇ كولبىگە كىرگىن چاندۇرماي.

ئېلىپ چىققىن پەرىنى يېتىلەپ،
تۇرما ھەرگىز قىلىپ ئۇشۇق گەپ.

تېز بولمىساڭ قاراۋۇل كېلۇر،
كورۇپ قالسا ئەدىۋىڭ بېرۇر."

بەھرام ئىتتىك ئۇيگە كىرىپتۇ،
ئايتۇرسۇنغا گۇلنى بېرىپتۇ.

تىكىلگەندە ئاشىقلار كوزى،
ئۇنتۇلۇپتۇ مومايىنىڭ سوزى.

باغلىنىپتۇ قىزنىڭ رىشتىمۇ
شاھزادىگە مېھر ـ ئىشقىمۇ.

ئورتەنگەچكە تەنلىرى كويۇپ،
تويماس ئىكەن بىر بىرىن سويۇپ.

ئويىنار ئىكەن ئۇلار تاڭ سەھەر،
ۋەھىمىدىن قىلچە بىخەۋەر.

قاراۋۇللار چۈشۈپتۇ ئىشقا،
تۇرۇشۇپتۇ ھەر بىر دوخمۇشقا.

تەكشۈرۈپتۇ بىر توپ جىسەكچى،
ھۇجرىلارنى بىر بىرلەپ تەكشى.

ئايتۇرسۇننىڭ ھوجرىغا كېلىپ،
يات بىر ئىزنى سېزىشىپ قېلىپ،

بىر نەچچىسى باستۇرۇپ كىرىپ،
شاھزادىنى چىقىپتۇ ئېلىپ

بۇ ۋەقەنى سوزماي ئارقىغا،
خەۋەر قىلماق بوپتۇ ئوردىغا.

خەۋەرنى شاھ ئاڭلىغان چېغى،
كەپتۇ بەكمۇ ئۇنىڭ ئاچچىغى:

«مەن قىزىمنى خەخلەردىن، ياتتىن،
ۋەھىمىدىن، شۇنداق توساتتىن،

ئۈچ يۈز ئەسكەر قويۇپ ساقلىسام
ئاتىدارلىق بۇرچۇم ئاقلىسام،

بۈگۈن توكۇپ ئۇلۇغ نامىمنى،
شەۋكىتىمنى ھەمدە شانىمنى؛

www.uyghurkitap.com

قويدى مېنى ئىزا، نومۇسقا
ئەتىۋالىق قىزىم نىمىشقا؟

بىر بېرەيكى ئۈنىڭغا جازا،
قىلسۇن ئۇلار بىللىلا قازا.

ئىككىسىنى ئاپار ھەي جاللات،
ھايال قىلماي دار ئاستىغا پات!“

پادىشانىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ،
مەھبۇسلارنىڭ قوللىرىنى باغلاپ،

ئېلىپ كەپتۇ بىر توپ ياساۋۇل
دار ئاستىغا زىنداندىن ئۇدۇل.

تۇرار ئىكەن مەزمۇت ئايتۇرسۇن
شاھزادىنىڭ روھى بەك سولغۇن.

تۇرار ئىكەن شاھى راۋاقتا
نەشتىرى بار كوزدە، قاپاقتا.

”جاللات“! — دىگەن سادا بىلەن تەڭ،
”دات!“ — دەپ چىقىپ مەردان تۇرۇپ يەك.

دەپتۇلەركى راۋاققا قاراپ:
"بىر گېپىم بار بەرسىڭىز جاۋاپ؟"

شاھ بېرىپتۇ ئاگا ئىجازەت،
سوزلەش ئۈچۈن قىسقا بىر پۇرسەت.

"كاتتىلارنىڭ كاتتىسى شاھىم،
بۇ ئالەمدە ئەڭ چوڭ پاناھىم:

يېزىلغانكى قايسى كىتاپتا
قايسى مىزان، قايسى خىتاپتا،

ئۆلۈم بار دەپ ئەلچىگە قېنى
قاندۇرسىڭىز جاۋاپقا مېنى؟"

"بۇ تەرەپتىن بولسۇن كوڭلۇڭ توق
ھىچ مىزاندا ئەلچىگە ئۆلۈم يوق!"

"ئانداق بولسا مەن ئەيلەي بايان،
سوزۇم بولسۇن ھەممىگە ئايان:

ئەلچىلىككە كەلگەن ئىدۇق بىز
يەر ئۈستىدىن سىزگە شاھىمىز.

ئوردىڭىزغا كىرگەندە كېلىپ،
قاراۋۇللار تېز قورشاپ ئېلىپ،

توھمەت قىلدى "باسقۇنچىلار" دەپ،
بىز سوزلەشكە بەرمدى پۇرسەت.

قېچىپ كەتتىم قولدىن يۇلقۇنۇپ،
قالدى دوستۇم ئاندا تۇتۇلۇپ.

بولمىغاچقا پانامىز ئوزگە،
جەۋرى - جاپا سالدى كوپ بىزگە.

شەنىمىزگە داغنى تەككۇزدى،
يالغان گەپنى سىزگە يەتكۇزدى.

ئەرزىمنى شاھ لىللا سورارسىز،
بۇ مەكتۇپنى قوبۇل قىلغايسىز."

مەكتۇپنى شاھ قولغا ئاپتۇ
ئوقۇپ چىقىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

ئۇ مەكتۇپنى ئوقۇپ بولغاندا
قاپتۇ بىردىن خىيالدا، داغدا.



Altunoq

غەزەپلىرى كېتىپتۇ ئۇرلەپ،
بۇ نومۇستىن ۋۇجۇدى تەرلەپ:

”ئىجرا قىلغىن سوزۇمنى جاللات،
مەھبۇسلارنى قىلغىن تېز ئازات!

قاراۋۇللار چاپلىشىپ بوھتان،
يەتكۈزۈپتۇ نامىمغا نۇقسان.

سالدى مېنىڭ بېشىمغا چوڭ غەم،
چاپلاپ يالا قىزىمغىمۇ ھەم.

يوقىتىلسۇن شۇ قاراۋۇللار،
كېرەك ئەمەس ماڭا ئۇ شۇملار!“

شۇ مەيداندا ئۈچ يۈز قاراۋۇل،
جەھەننەمگە مېڭىپتۇ ئۇدۇل.

ئاقلىنىپتۇ قىز بىلەن ئوغۇل،
بوپتۇ بەھرام شاھقا كۈيوغۇل.

ۋەدە قىلىپ كوپ قورال-ياراق،
شاھ ئۇلارنى بوپتۇ ئۇزاتماق.

خوشاللىغى پاتماي كوكسىگە،
ئولتۇرۇپتۇ قولۋاق ئۈستىگە.

يەتكەنسېرى ئانا ھوسىنىگە،
گۈلچىمەنلىك دىيار ۋەسلىگە.

ئالتۇن نۇرلار چېچىلار ئىكەن،
بەستىدە گۈل ئېچىلار ئىكەن.

ئوركەشلەركەن زۇمرەتتەك سۇلار،
كوك قومۇشتىن چىقىقاندا ئۇلار.

يەنە ھەيۋەت چىنارغا كەپتۇ،
بىردەم ئارام ئالايلى دەپتۇ.

ئولتۇرغاندا دېمىنى ئېلىپ،
قونۇپتۇ بىر سېغىزخان كېلىپ.

سايراپتۇ ئۇ بەكمۇ شاراقلاپ،
ئۈچۈپ شاختىن ـ شاخلارغا ئاتلاپ.

جىلى بوپتۇ تۇرۇپ شاھزادە،
دەم ئالالماي ئەركىن ـ ئازادە.

قوغلىشۋەتسە يەنە كېلەرمىش
كېلىپ يەنە سايراپ كېتەرمىش.

پەيدا قىپتۇ ئەنسىز بىر تۇمان،
تۇرۇلۇپتۇ دىلىدا گۇمان.

بىلمەك بوپتۇ دوستىدىن سوراپ
بۇ توغرىلىق ئېنىق بىر جاۋاپ.

دەپتۇ مەردان سەل خىيال سۈرۈپ،
سېغىزخاننىڭ تىلىنى ئورۇپ:

"ئۇ ئېپ كەپتۇ بىر يامان خەۋەر،
دەيدۇ بىزگە: ئەيلەڭلار ھەزەر!

ئوڭ قول ۋەزىر چۈش كورۇپتىمىش
بىزگە قارشى ئىش كورۇپتىمىش.

سېنى كەلمەس بىر يولغا ساپتۇ،
ئايتۇرسۇننى ئىلكىگە ئاپتۇ."

ئىشەنمەپتۇ بەھرام بۇ گەپكە
ئىشەنمەپتۇ شۇنچەن نىيەتكە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ ئەچىدە مۇنداق ئويلاپتۇ
لېكىن ئۇينى ئوچۇق قويماپتۇ:

"ئوك قول ۋەزىر ئاتامغا سادىق
ئۇ قىلمايدۇ ئۇنداق شۇم قىلىق.

ۋەزىر كورسە ھوجرىسىدا چۇش
قانداق بىلسۇن كىچىككىنە قۇش.

تەبىرلەرنىڭ ھەممىسى يالغان،
ئويدۇرمىدۇر — بەرى توقۇلغان."

ئويلىغانچە تەبىرنى ھامان،
پەيدا بوپتۇ ھەر خىل ئوي - گۇمان.

قويماي يامان ئويلىرىغا چەك
ئۇ مەردانىغا كەلتۇرۇپتۇ شەك.

ھۇشيار مەردان سىزىپتۇ بۇنى،
بۇ گۇماندىن توساپتۇ ئۇنى:

"قۇشنىڭ گېپى شۇبھەسىز توغرا،
بۇنى دائىم ئېسىڭدە ساقلا.

گەر ئۇنىڭغا بولساڭ دەرگۇمان
ئاقىۋەتتە يەيسەن چوڭ پۇشمان.“

داۋام قىپتۇ ئۇلار سەپەرنى،
يېڭىپ مۇشكۇل، خېيىم - خەتەرنى.

خۇش خەۋەرنى يەتكۈزمەك بولۇپ
ۋۇجۇدىغا شاتلىقى تولۇپ،

مەردان ئالدىن ئاتنى چېپىپتۇ،
ئۇ شەھەرگە تېزدىن يېتىپتۇ.

شاتلىقىدا ئارۇن پادىشا
توي قىلماقچى بولۇپتۇ راسا.

جاكالاپتۇ پۈتۈن شەھەرگە،
چېگرىداش ھەم قېرىنداش ئەلگە.

تەييار قىپ كەڭرى سەيلىگاھ
شاھزادىنى كۈتىدىكەن شاھ.

بەھرام بىلەن ئايتۇرسۇن شۇ چاغ،
چۈشۈپ كەپتۇ ھالقىپ ئېگىز تاغ.



AltunOq

كەپتۇ ئارۇن باللىرىن كورۇپ،
كەپتۇ ئۇلۇك قول ۋەزىرمۇ يۇگرەپ.

كورۇپ ۋەزىر ساھىپ جامالنى
پاھ - پاھ دەپتۇ تۇتۇپ ساقالنى.

ھەر كورگەندە پەرىنى ۋەزىر،
يۇرەكلىرى تىترەپتۇ دىر - دىر.

شۇندىن تارتىپ قىزنىڭ دەردىدە،
ئوت كويۇپتۇ ۋەزىر قەلبىدە.

يەتمەك بوپتۇ قىزنىڭ ۋەسلىگە،
چۈشۈپ دەرھال ئۇنىڭ قەستىگە.

يەڭگۈشلىنىپ يېڭى دەستىخان،
تارتىلىپتۇ پولو ئوخشىغان.

شاھزادىگە ئايرىم ئىپكىلىپ،
ئاش تارتىپتۇ زەھەرنى سېلىپ.

يۇراپ بۇنى سىزىپتۇ مەردان،
يىگۈزمەپتۇ دوستىغا شۇئان.

بەھرام گەرچە ئىشەنمەپتۇ ھېچ،
ئەمما يىمەي ئولتۇرۇپتۇ تېچ.

كېلىپ ۋەزىر زورلاپتۇ ئاشقا،
ئىكەن ئۇنىڭ غەرىزى باشقا.

ئۆز دوستىنىڭ كوڭلىنى ئاياپ،
ئولتۇرۇپتۇ شاھزادە قاراپ.

زىياپەتمۇ ئاياقلىشىپتۇ،
ئوردا تامان يول ئېلىشىپتۇ.

ئۆزگىرىپلا قالاركەن بەزى،
ئايتۇرسۇننىڭ نازۇك مىجەزى.

كىرىپ كەپتۇ ۋەزىر بىر كۇنى،
بەھرام بىلەن بىر سوزلەشكىنى.

كەلتۇرۇپ چوڭ تازىم - تەكەللۇپ،
ئۆزىچە ئۇ مېھرىۋان بولۇپ:

"يىراق جايدىن ئېپكەلگەچ كېلىن،
ئوقۇدۇم مەن سىزگە ئاپىرىن.

ئەمما كېلىن كەلگەندىن بېرى،
بولالماستىن كېسەلدىن نېرى.

توگە سۈتى ئىچىپ بېقىشنى،
شۇندا رەنجى شىپا تېپىشنى،

دەپتۇ بىزنىڭ خىزمەتچىلەرگە،
چۆرىلەرگە، مەسلەتچىلەرگە.

توت مەرگەننى قىلدىم مەن ھازىر،
ئوۋچىلىقتا تولىمۇ ماھىر،

چىقامسىز كىن بىللە شاھزادەم،
يايلاقلارنى كورۇپ، ئالغاچ دەم؟"

ئايتۇرسۇننىڭ پىكرىنى ئالماي
مەردانىمۇ مەسلىھەت سالماي،

"ماقۇل" دەپتۇ شۇئان شاھزادە،
بۇ سەپەرگە تىكلەپ ئىرادە.

قوشۇلۇپتۇ توت ناتىۋانغا،
كىرىپتۇ تېز تەكلىماكانغا.

ئۇلار چۆلدە ئۇزاق يۈرۈپتۇ،
ئەتىسى بىر ئىزنى كۆرۈپتۇ.

ئىزنى قوغلاپ ئىچكىرلەپ مېڭىپ،
چارچىشىپتۇ هالىدىن كېتىپ.

بىر توغراقنىڭ تۈۋىگە كېلىپ،
ئولتۇرۇپتۇ بىر ئاز دەم ئېلىپ.

ئۇخلاپ قاپتۇ بەهرام يېنىچە،
ئىش باشلاپتۇ ۋەزىر ئويىچە.

قوللىرىغا خەنجەرنى ئاپتۇ،
شاهزادىنىڭ كۆكسىگە ساپتۇ.

چۆچۈپ دەرهال خەنجەر زەربىدىن،
ئويغىنىپتۇ شاهزادە بىردىن.

شۇ چاغ ئايدىڭ بولۇپتۇ ئەهۋال
ئېلىشماقچى بولۇپتۇ دەرهال.

ھەمرالىرى ئۈنىڭدىن ئاۋال،
قوللىرىغا ئېلىشىپ قورال،

تۈرغىدەكمىش قاراپ، دىۋەيلەپ،
شاھزادىدىن تارتماي قىلچە تەپ.

شۈنداقتىمۇ سۈغۇرۇپ قىنىدىن
قىلىچىنى ئاپتۇ يېنىدىن.

قاتتىق زەربە يىگەچ كوكسىگە
يىقىلىپتۇ قۇمنىڭ ئۈستىگە.

پېقىراپتۇ، قېپىپتۇ ئالەم،
ئېچىنماپتۇ ئاڭا ھىچ ئادەم.

تەككەن چاغدا قۇم دوڭگە بېشى
توكۇلۇپتۇ تاراملاپ يېشى.

قۇم دوۋىسىن مەھكەم قۇچاغلاپ،
چاقىرىپتۇ مەردانىنى توۋلاپ.



Altun Oq

”مەردان!“ دەپ ئۇ تووۋلاۋاتقاندا
ئات كىشنەپتۇ تەكلىماكاندا.

كەپتۇ مەردان چومۇلۇپ تەرگە،
دوستى كۆلپەت چەككەن بۇ يەرگە.

كەپتۇ ـ دە، ئۇ دۈشمەنلەر بىلەن
ئۆزلىرىدىگە ئوچمەنلەر بىلەن.

قىلىشىپتۇ قاتتىق، جىددى جەڭ
توت رەقىپكە قارشى تەڭمۇ ـ تەڭ.

بويىلىپتۇ قۇم ئۈستى قانغا،
تەڭ كېلەلمەي ئۇلار مەردانغا.

قېچىشىپتۇ ئارقىغا قاراپ،
قالغانلىرى ھەريانغا تاراپ.

مەردان قوغلاپ ئارقىدىن سۈرۈپ
بىرسىنىمۇ قويماي ئولتۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەپتۇ يۇگرەپ دوستى قېشىغا
تىزلىنىپتۇ كېلىپ بېشىغا.

بەھرام ياتار ئىكەن تولغۇنۇپ،
ئەڭلى قىزىل قانغا بۇلغۇنۇپ.

ئېچىنىپتۇ مېھرىنى چېچىپ،
سۇ بېرىپتۇ قۇمرىنى ئېچىپ.

بەھرام قاتتىق ھاسراپ تۇرۇپ
يۇرەكلىرى گۇپۇلدەپ ئۇرۇپ،

توختاپ قېلىپ دەمدىن ئاردىلاپ
دەپتۇ يەنە ئاستا شۇۋىرلاپ:

"ئۇلۇڭ قول ۋەزىر ئىكەن باغرى تاش،
ئىنتىقام ئال مەن ئۇچۇن ئاداش.

ئايتۇرسۇننى پانايىڭغا ئال،
بىچارىگە بولمىسۇن ئۇۋال ......"

دەپتۇ - دە، ئۇ نەپەستىن قاپتۇ،
مەردان ھوڭرەپ يىغىنى ساپتۇ،



ئەمدى گەپنى ئوردىدىن باشلاي،
بۇندىن ھەممە خەۋەردار بولغاي:

يامان نىيەت ساقلاپ ئىچىدە
شۇمپەن ۋەزىر بىر كۈن كېچىدە.

ئايتۇرسۇننىڭ ھوجرىسىن قەستلەپ،
كەپتۇ ئاستا ئىشىككە دەسسەپ.

ئوخلار ئىكەن پەرىزات شۇ تاپ،
ئۆزگەن ئايدەك نۇرانە چاقناپ.

جانان زۇلفى ھەريان چېچىلىپ،
سۆيگۈ - ئىشقى گۈلدەك ئېچىلىپ.

تاراققىدە ئىشىكنى ئېچىپ
كىرسە ۋەزىر ۋەھىمە چېچىپ.

دەس تۇرۇپتۇ ئايتۇرسۇن چوچۇپ،
قورققىنىدىن ئۆزايى ئوچۇپ.

ئايتۇرسۇننىڭ يېنىغا قاراپ،
كەپتۇ ۋەزىر ئاستا خىقىراپ.

شاھزادىنىڭ تۇلگەنلىگىنى
دەشتكە، قۇمغا كومگەنلىگىنى،

غورۇر بىلەن كۇلۇپ ئېيتىپتۇ،
ئاڭلاپ پەرى يىغلاپ كېتىپتۇ.

ئاندىن ئىزھار قىپتۇ مۇھەببەت،
ئايتۇرسۇنغا ئاز بولغاندەك دەرت:

"ئايدىن گۇزەل سىزنىڭ ھوسنىڭىز
بىراق، ئەمدى يالغۇز ئۇزىڭىز.

ئورتەندىم مەن ئىشقى - پىراقتا،
ئېيتمىغاندىم سىزگە بىراقتا.

بىللە ئوتسەك ئەمدى ئىككىمىز،
تەكلىۋىمنى قوبۇل قىلسىڭىز ؟"

ئاڭلاپ پەرى قەھرىگە كەپتۇ،
غەزىۋىنى باسالماي دەپتۇ:

"ۋىجدان يوقكەن، ئەي ۋەزىر سەندە،
سەن ئىكەنسەن پەس كوڭۇل بەندە.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۆمكىن ئەمەس ساختىا تەلەپكە
ئورۇن بېرىش ۋىجدان، قەلبتە.

ياخشىلىقچە كوزۇمدىن يىقال،
كاجلىق قىلساڭ بولىسەن ئوسال!"

"سەكرەپ كەتمەڭ ئۈنچە مەلىكەم،
مەن كۆيگىلى بۇ ئوتتا نىكەم.

كويگىنىمنى ئوبدان بىلسىڭىز
تەلۋىمنى ئويلاپ كورسىڭىز،

سۆ ئىچىدۇ مەندىن دىلىڭىز
ئېچىلىدۇ غۇنچە، گۈلىڭىز!"

"سەندەكلەرنى كوزگە ئىلمايمەن،
تەكلىۋىڭنى قوبۇل قىلمايمەن.

مىنىڭ ئاتام هارۇن بولىدۇ،
پۈتكۈل جاهان ئوبدان بىلىدۇ.

كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندۇر راسا،
قۇدرىتىدە داڭلىق پادىشا.

ئەگەر ماڭا باقساڭ چىقىلىپ،
ئەدىۋىڭنى بېرىدۇ كېلىپ“

”سۇ ئاستىدا سىزنىڭ دادىڭىز،
ئاڭلانمايدۇ زىل ئاۋازىڭىز.

قۇتۇلمىغان ھېچقانداق جاھىل،
تەدبىر ىمگە بولماستىن مايىل ......“

دەپتۇ - دە، ئۇ قىزغا تاشلىنىپ،
كېتىپتۇ بىر كۈرەش باشلىنىپ.

ئايتۇرسۇنمۇ قاتتىق ئېلىشىپ،
بوي بەرمەپتۇ قارشى چېلىشىپ.

ئاشۇ زۇلمەت باسقان كېچىدە،
جەڭ باراركەن ھوجۇر ئىچىدە.

بېسىۋاپتۇ ۋەزىر نائىنساپ،
ئايتۇرسۇننى يەرگە چىلىڭ نىقتاپ.

ئايتۇرسۇنمۇ ماغدۇردىن كېتىپ
ئېلىشاركەن ئاستىدا يېتىپ.

ۋەزىر رەھىم قىلماي ئۇنىڭغا،
سورىمەكچى بوپتۇ بۇلۇڭغا.

دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ،
مەردان كىرىپ كەپتۇ ئېتىلىپ.

كىرگەن پېتى بىر پەشۋا ئېتىپ،
غۇلىتىپتۇ ۋەزىرنى تېپىپ.

ئايتۇرسۇننى يولەپ تۇرغۇزۇپ،
چاڭگىلىدىن ياۋنىڭ قۇتقۇزۇپ.

سوزۇپتۇ ئۇ دوستلۇق قولىنى،
يورۇتۇپتۇ ھايات يولىنى.

شۇ ئەسنادا ۋەزىر قېچىپتۇ،
تۆن قويىنغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ.

تىكىلىپتۇ پەرى مەردانغا،
شۇ ۋاپادار، چىن قەدىردانغا:

"دوستۇڭ ئولدى، خەتەرلىك ئەھۋال
بۇ خەتەردىن سەن قۇتقۇزۇپ ئال.

شۇ بالاغا تاشلىما مېنى،
ئۆمرۈم بويى قەدىرلەي سېنى ......“

دەپتۇ ئاگا تەسەللى بېرىپ،
ئاق كوكۇللۇك، مەردانە غېرىپ:

”بەھرام مېنىڭ دوستۇم بولىدۇ،
دوستلۇق ئەبەت يالقۇنلىنىدۇ.

شۇم رەقىپتىن ئېلىپ ئىنتىقام،
ئۆز بۇرچۇمنى قىلاي مەن تامام.“

مەردان شۇندا قىلالماي تەخىر،
شاھ ئالدىغا كىرىپتۇ ئاخىر.

كىرىپتۇ ـ دە، دەردىنى توكۇپ،
پاش قىلىپتۇ ۋەزىرنى سوكۇپ:

ئۇلۇك قول ۋەزىر بەكمۇ ئىنساپسىز،
جىنايىتى ئېغىر، ھېساپسىز.

شۇنداق مىرەز، شۇمنى ساقلاپسىز،
ئاتا، ئۇلۇغ قول ۋەزىر قىلىپسىز.“

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارۇن ئاڭلاپ باشتىن بۇ گەپنى،
تىنىپ كەتكەن ئەلەمنى، دەرتنى،

ئەسلەپ ئوغلىن يىغلاپ كېتىپتۇ،
رەقىبىنى تونۇپ يېتىپتۇ.

چىدالماستىن دەرتكە، غەزەپكە،
بېرىپ ئېگىز راۋاق تەرەپكە،

جاللاتلارغا بېرىپتۇ پەرمان،
ئۆلتۈرۈشكە ۋەزىرنى شۇئان!

جاكاچىلار پۈتكۈل شەھەرگە،
جاكالاپتۇ چوڭ ھەم كىچىككە.

بۇ قاتىلنى ئەچىقىپ ئاندىن،
غۇلىتىپتۇ بىر ئېگىز تاغدىن.

يىقىلىپتۇ ئوردىدىن چايان،
بۇ ئىش بوپتۇ ھەممىگە ئايان.

قىلىپ كاتتا توي ھەم تاماشا:
جاكالاپتۇ ئارۇن پادىشا:

AltunOq

"پۈتكۈل ئەلگە بولسۇنكى ئايان،
پىقىر بۇگۈن يەنە شادىمان.

مەردانجانمۇ ئوزەمنىڭ ئوغلۇم،
پەرزەنتلەرگە كوكسۇمدە قولۇم.

ئايتۇرسۇننى بەردىم مەردانغا،
يەتسۇن ئۇلار بىللە ئارمانغا.

بولسۇن ئادا ئاتىلىق قەرزىم،
بولسۇن تامام بۇرچۇم ۋە پەرزىم.

بۇ مەرىكە كەڭ ـ تاشا بولسۇن،
شەھەر كۈلسۇن، بارچە ئەل كۈلسۇن".

شەھەر خەلقى توينى ئويناپتۇ،
ھەممە خۇشال، راسا قايناپتۇ.

مۇرات تېپىپ ئاشۇ ئىككى ياش،
بوپتۇ مەڭگۈ ۋاپادار يولداش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# ”رەمبال“

بار ئىكەن ھەم يوق ئىكەن،
ئاچ ئىكەن ھەم توق ئىكەن،
بىر تۇل خوتۇن بار ئىكەن،
نامرات ئىكەن، خار ئىكەن.
بار ئىكەن بىر بالىسى
(مۇمايىنىڭ كوز قارىسى)،
ئۇنى تېزراق ئويلەشنى
نەۋرىسىنى بولەشنى،
ئويلايدىكەن ھامانە،
ئوتكەنسېرى زامانە.
دىلدىن ئارزۇ كەتمەيتۇ،
ئەمما قۇربى يەتمەيتۇ.
يا يوق ئىكەن تۇققىنى،
ياردەم، نەپمۇ يۇققىنى.
دەپتۇ موماي بىر كۇنى
ئولتۇرغۇزۇپ ئوغلىنى:

”كونىلاردىن بىلىپ قال:
قالغان ئىكەن بىر ماقال
نامرات بولساڭ شەھەر ئال،
يىراقلارغا يولنى سال
سەنمۇ يىراق بېرىپ باق،
يۇرت ئارىلاپ كۆرۈپ باق.“
”خوپ دەپتۇ-دە، بالىسى،
رازى بولغاچ ئانىسى.
ئۆز كۈننى ئېلىشقا،
تەييارلىنىپ مېڭىشقا،
بېلىگە نان تۈگۈپتۇ،
سەھرا ئارا يۈرۈپتۇ.
دەريالاردىن ئۆتۈپتۇ،
تاغدىن ھالقىپ كېتىپتۇ.
مېڭىپتۇيۇ، مېڭىپتۇ،
بىر شەھەرگە بېرىپتۇ.
ھېچ كىشىنى تونۇماي،
شۇڭا يېقىن يولىماي،
ئولتۇرۇپتۇ رەستىدە،
نامراتلىقنىڭ دەستىدە.
تاماق يېمەي ھەپتىدىن،
كۈننىڭ قىزىق تەپتىدىن،
ياماشلاپتۇ، يېتىپتۇ
بىردىن ئۇخلاپ كېتىپتۇ.

راھەتلىنىپ شىرىنجان،
چۈش كورۈپتۇ شۇ ھامان.
كۈلۈمسىرەپ بىر بوۋاي
مېھرىۋان، بەك خۇش چىراي،
ھاسا تۇتۇپ قولىغا،
كەپتۇ ئاستا ئالدىغا.
يىگىتكە بىر سەپسىلىپ
مۇنداق دەپتۇ گەپ قىلىپ:
"تۇرغۇن بالام ئورنىڭدىن
توختاپ قالما يولۇڭدىن.
ماڭغىن ئۈستەك ياقىلاپ،
ئەتراپىڭغا ھەم قاراپ.
ئۇچقىنىشىدۇ بىر ئۆڭكۈر
بۇ ئۆڭكۈرنى ئوبدان كور.
بولغان ئىشنى كورۈپ ئال،
تەسراتنى دىلغا سال.
گەپ قىلماستىن ئوتۇپ كەت،
چوڭ كوچىغا بېرىپ يەت.
ئولتۇر ئۇندا دەم ئېلىپ،
بىكار تۇرماي رەم سېلىپ.
قاراپ ئۈستى - بېشىڭغا،
بىرسى كېلەر قېشىڭغا.
كەتمەي ئەگىپ يېنىڭدىن
گەپ سورايدۇ سېنىڭدىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كورگىنىڭنى ئېيتىپ بەر،
بىكار كەتمەس ئاقىقان تەر"
دەپتۇ بوۋاي يىرقاپتۇ،
بالا ئويغىنىپ قاپتۇ.
ياتقىدەكمىش رەستىدە،
دەرمانى يىرق بەستىدە.
ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ،
ئۇستەلگ بويلاپ يۈرۈپتۇ.
بارسا ئوڭكۈر ئالدىغا
بىر ئويمانغا، دالدىغا،
بىر كالىنى ئۈچ ئادەم
سويار ئىكەن بولۇپ جەم.
بالا بۇنى كورۇپتۇ،
دىلغا پۈكۈپ يۈرۈپتۇ.
ئۇ بىر هازا مىڭىپتۇ،
چىرىك كوچىغا بىرىپتۇ.
ئولتۇرۇپتۇ دەم ئېلىپ،
قۇلاق تىزىپ، رەم سىلىپ.
كەپتۇ ئاستا بىر ئادەم
باسقان ئۇنى ئېغىر غەم.
بۇ بالىنى رەمچى دەپ
زىهنى ئوتكۈر پەمچى دەپ،
ئۆزمەي ئۇندىن كوزىنى،
ئېيتىپتۇ بۇ سوزىنى:



AltunOq

"دەردىڭگە يەت ھەي بالا،
يۇتۇپ كەتتى بىر كالا.
ئىزلەيمەن ھېچ تاپالماي
يا خاتىرجەم ياتالماي.
قېنى ماڭا رەم سالغىن
دۇئايىمنى بىر ئالغىن!"
ئۇ "سۇپ" دەپتۇ ساپتۇ رەم
دىلىدىن كېچىپ ياخشى پەم:
"ئۇستەڭ بويلاپ يۇرىسىز،
بىر ئوڭكۇرنى كورىسىز.
شۇندا سىزنىڭ كالىڭىز
يىراق ئەمەس ئارىڭىز"
گوشنى جايلاپ بولغاندا
ماڭايلى، دەپ تۇرغاندا،
تۇتۇلۇپتۇ ئۇچ ئوغرى،
بولمىغاچقا ئىش تىزغى.
تاپقاچ ئاخىر كالىنى،
ئەسلەپ رەمچى بالىنى.
شاتلىق سىغماي دىلىغا،
كەپتۇ بالا يېنىغا.
كوپ رەھمەتلەر ئېيتىپتۇ،
خېلى كايىپ كېتىپتۇ.
كەپتۇ باشلاپ ئويىگە
تەكلىپ قىپتۇ تورىگە.

مېھمان قىلىپ كۈتۈپتۇ،
نازۇ - نېمەت تۆكۈپتۇ.
تۇرۇپ قاپتۇ نەچچە كۈن،
ئوينىپ ”رەمبال“ كۈنۈ - تۈن.
بۇ ئادەمكەن سودىگەر
قولى ئەپلىك ھەم چېۋەر.
گەپكىمۇ بەك ئۇستىكەن،
شەھەر شاھى دوستىكەن.
شۇ كۈنلەردە شاھنىڭ
پاسىۋانى - داھىنىڭ،
ئەڭگۈشتىرى يۈتۈپتۇ،
يۈتۈپ ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ.
ئەڭگۈشتەرنى خېلىدىن،
ئىزىز كورۇپ جېنىدىن.
ئايرىماسكەن قولىدىن
ھەر بىر سەپەر - يولىدىن.
بارمىغىدا يالتىراپ
زىننەت بېرىپ پارقىراپ،
تۇرار ئىكەن نۇر چېچىپ،
شاھنىڭ كوڭلىنى ئېچىپ.
شاھ بولۇپتۇ ئاۋارە
كوڭلى مەيۇس سەكپارە.
تاپالماپتۇ ئاختۇرۇپ،

قاپتۇ زارلاپ، ئاھ ئۇرۇپ.
ئاڭلاپ بۇنى سودىگەر،
شۇ كۈنى نامازدىگەر،
بىر ئوي كەپتۇ دىلىغا،
كىرىپ شاھنىڭ يېنىغا،
سالام بېرىپ ئېگىلىپ،
دەپتۇ مەسلىھەت بېرىپ:
"ئويۇمدە بىر رەمبال بار،
ئۇنىڭدا كوپ ئامال بار.
ئۇ شۇنچىلىك دانىشمەن،
قۇتۇلالماس ھىچ دۈشمەن.
شۇ "رەمبال" غا دەپ باقساق،
ئۇنى ئىشقا سېپ باقساق،
ئەسقاتىدۇ بۇ ئىشتا
يوقتۇر شۇبھە تېپىشتا."
شاھ ئويلىنىپ تۇرۇپتۇ
كوڭلى بىر ئاز يورۇپتۇ.
دىلغا ئۈمىت تولۇپتۇ،
چاقىرماقچى بولۇپتۇ:
"ئوبدان ئەقىل كورسەتتىڭ،
مېنىڭ ھالىمغا يەتتىڭ.
مۇنداق ئىسىل دەنانىڭ—
يۇرتقا ئۇنگەن رەنانىڭ،

ئۆزەم باراي ئالدىغا
يېتەي دەردى ـ ھالىغا،
بولسۇن مېھمان ئوردىدا
پېقىرنىڭ گۈل يۇرتىدا":
ئولتۇرۇپ شاھ مەپىگە،
مىڭىپتۇ تېز پەتىگە.
كوپ ئوتمەستىن ئەزەمەت،
ئوردىغا قىپ مەرھەمەت،
زىلچە گىلەم ئۈستىدە
نۇر چاقناپتۇ بەستىدە.
كەپتۇ ئاگا بىر ئامەت
باشلىنىپتۇ زىياپەت.
ھەر خىل تائام تولۇپتۇ،
نەغمە ـ ناۋا بولۇپتۇ.
تارقىلىپتۇ سورۇنمۇ،
كەچمۇ ئەمەس بۇرۇنمۇ.
رەمبالغا سىپ مەسلىھەتنى،
شاھ ئېيتىپتۇ مەقسەتنى:
"يۇتتى ئۆزۈك ئەگكۈشتەر،
ھازىرغىچە يوق خەۋەر.
چىقماس ھىچبىر دىلىمدىن،
تاماق ئوتمەس گېلىمدىن.
ھوزۇرۇمدا ياتسىڭىز،

شۇ ئۇزۇكنى تاپسىڭىز.“
ئاڭلىغاندا بۇ گەپنى،
چۈشىنىپ شان ـ شەرەپنى،
غەم تولۇپتۇ كوكسىگە،
تاغ غۇلاپتۇ ئۇستىگە.
قاپتۇ ئويلاپ ئولتۇرۇپ
مۈشكۈللاتتىن ئاھ ئۇرۇپ.
ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق،
بۇ سوئالغا نىم دىدۇق؟
ئويلاپ ئامال تاپالماي،
ئۇخلىيالماي، ياتالماي،
چىقىپ ئاستا ھويلىغا،
كىرىپ تۇننىڭ قوينىغا،
يۇرسە مېڭىپ ئايلىنىپ،
غەمگە چومۇپ باش قېتىپ.
ئاڭلىنىپتۇ بىر ئاۋاز،
بىردە قوپال، بىردە ساز.
تۈن قوينىنى يىرىپتۇ
تام تۈۋىگە بىرىپتۇ.
دەرىزىدىن قاراپتۇ،
ئوي ئىچىنى ماراپتۇ.
ئوز جىنىدىن تويغاندەك
بۇ دۇنيانى قويغاندەك.

سىرتماق سىلىپ بويىنغا
ئىسىلىپ چوڭ شويىنغا،
بىرسى تۇرغان خاقىراپ،
كوزى چەقفان پارقىراپ.
رامنى ئۇرۇپ چىقىپتۇ،
ئويگە ئوزىن ئىتىپتۇ.
ئاغامچىنى كىسىپتۇ
بويىندىن تىز يىشىپتۇ.
"سىرتماق سىلىپ ئىسىلىپ
جىنىڭ شۇنچە قىينىلىپ،
نىمە گۇنا ئوتكۇزدۇڭ
قايسى ئىشتىن كەتكۇزدۇڭ؟
ئوزەڭ نىمە ئادەمسەن،
ئىيت، دەردىڭنى ئۇقاي مەن؟"
نا تونۇش ئىپ دىمىنى
بايان قىپتۇ غىمىنى:
"قۇل ئىدىم مەن ئوردىدا
ئىشلەپ هايۋان ئورنىدا.
يەر سۇپۇرسەم بىر سەهەر،
ئۇچراپ قالدى ئەڭگۇشتەر.
ئىزىپ ئۇنى ئاپتىمەن،
چونتىگىمگە ساپتىمەن.
كەپتۇدەكمىش ئاڭلىسام

ئوردىغا بىر چوڭ ئوستام،
ئىكەن بەكمۇ دانىشمەن
سەزگۈر ھەمدە بەك چىچەن.
تاپقىدەكمىش نەرسىنى
ھەتتا كىزىپ ئەرشنى.
ئۇ كورسەتسە دەل مىنى،
دىسە" ئەگگۈشتەر قىنى؟"
شاھ ئالدىدا شەرمەندە
بولمامدۇ بۇ قۇل بەندە.
قالغىچىلىك توتۇلۇپ،
ئولەي دىدىم بوغۇلۇپ!"
رەمچى كۇچكە تولۇپتۇ،
كوكسى - قارنى يورۇپتۇ.
بىر ئەقىلنى ئويلاپتۇ
قۇلدىن مۇنداق سوراپتۇ:
— پادىشا قۇش باقامدۇ،
كوڭلىگە قۇش ياقامدۇ؟
— بۇرۇنلاردا باقاتتى،
كوڭلىگىمۇ ياقاتتى.
ھازىر ئۇچ تال غىزى بار،
شۇنىڭغىمۇ جاھان تار.
— ئانداق بولسا سەن شۇتاپ
كىچىككىنە خىمىر تاپ.
ئەگگۈشتەرىگنى ئىلىپ

يۇگە خېمىرغا سىلىپ.
بېرىپ غازغا يىگۈزگىن،
كانىيىدىن كىرگۈزگىن.
يىگەن غازنى بىلىپ ئال،
پېيىگە بىر بەلگە سال.
قايتىپ كەلگىن خاتىرجەم،
بۇ ئىشىڭدىن يىمەي غەم،
ئارام ئالغىن، ئۇخلىغىن،
ھېچنەرسىدىن قورقمىغىن!"
مالاي خوشال بولۇپتۇ،
رەڭگىگە قان تولۇپتۇ.
خېمىر تېپىپ كېچىدە،
دەرھال، بىردەم ئىچىدە،
ئەڭگۈشتەرنى يوگەپتۇ،
غاز قېشىغا يۈگرەپتۇ.
كۈن چىقىپتۇ ئېچىلىپ،
نۇرى ھەريان چېچىلىپ.
راۋاق ئۈستى يورۇپتۇ،
ئەل ئويغىنىپ تۇرۇپتۇ.
شاھ تۇرۇپتۇ شۇ سەھەر
ئاڭلىماققا خوش خەۋەر.
نەۋەتىپ بىر ئامبالنى
چاقىرتىپتۇ "رەمبال"نى:
"تىڭشاپ ياتسام كەلمىدىڭ
بىرەر شەپە بەرمىدىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

رەم سېلىپمۇ باقتىڭمۇ
ئۆزۈڭگۈمنى تاپتىڭمۇ؟“
”رەمبال“ گەپنى بۇراپتۇ،
پادىشادىن سوراپتۇ:
”بەزى شاھلار قۇش باقار،
قۇشنىڭ خۇلقى بەك ياقار.
بەزىلىرى باقمايدۇ،
قۇش ئاۋازى ياقمايدۇ.
سىلى قۇشقا خۇمارمۇ
ئوردىمىزدا قۇش بارمۇ؟“
”مەنمۇ قۇشقا خۇماردىم
قالدى ئۈچى ئۇلاردىن“
”كەلتۈرۈلسۇن مەن كورەي،
كورۇپ بىر تەبىر بېرەي“
غازنى ھەيدەپ كېلىشكە
بۇ ھىكمەتنى بىلىشكە،
بۇيرۇپتۇ قول ـ مالاينى
(بىزگە تونۇش گادايىنى).
كەپتۇ غازلار غاقىلداپ،
نەپسىلىرى تاقىلداپ.
كەپتۇ بىرسى لاغايلاپ،
دەسسەپ ئاستا، ئاۋايلاپ.
بىر تال پېيى سىرىلۇپ
بەلگە ئىنىق كورۇلۇپ.



AltunOq

"رەمبال" ئۇنى تۇيۇپتۇ،
"سويۇڭلار!" — دەپ بۇيرۇپتۇ.
بىر تەڭنىنى قويۇپتۇ،
غازنى دەرھال سويۇپتۇ.
ئايان بولۇپ ھەممىگە،
ئەڭگۈشتىرى تەڭلىگە؛
تورۇككىدە چۇشۇپتۇ،
پەمى ئىشقا ئېشىپتۇ.
ئېلىپ شاھقا سۇنۇپتۇ،
شاھمۇ ئۇنى تونۇپتۇ.
شاھقا رەمبال يېقىپتۇ،
شەپقەتلىرى ئېقىپتۇ.
بارىكاللا ئوقۇپتۇ
مەدھىيىلەر توقۇپتۇ.
ماختار ئىكەن ھەر جايدا
ھەر سورۇندا، ھەر چايدا.
شاھنىڭ قىزى بار ئىكەن،
كوزلىرى خۇمار ئىكەن.
قۇندۇز ئىكەن قاشلىرى،
سۇمبۇل ئىكەن چاچلىرى.
بال تاماركەن لىۋىدىن،
نۇر ياغاركەن چېھرىدىن.
بەختلىك دەپ ئۆزىنى،
شاھ بېرىپتۇ قىزىنى.

"رەمبال" تاپقاچ ئامالنى،
ئاپتۇ ساھىپجامالنى.
ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ،
شاھمۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ.
شاھنىڭ سوزى بويىچە
ۋەسىيىتى، ئويىچە،
رەمبال ئاپتۇ شاھلىقنى
قۇچۇپ ئامات، شاتلىقنى.
يۇرتنى ئادىل سوراپتۇ،
چۆلنى گۈلگە ئوراپتۇ.
"ھەر بىر ئىشتا پەم كېرەك
ئۆتۈككىمۇ چەم كېرەك"،
دېگەن ماقال تۇرۇلۇپ
شۇئان لايىق كورۇلۇپ،
ئەل كوڭلىگە ياراپتۇ،
ئەلدىن ئەلگە تاراپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# قارىغاينىڭ نەسىھەتى

بۇرۇن بۇرۇنكەن، تۈلكە ۋەزىركەن،
مايمۇن پادىشا، توشقان خىزىركەن.

تايغان توق ئىكەن، بورە ئاچ ئىكەن،
ھۆپۈپ بىچارە يالىڭاچ ئىكەن.

ئۇ چاغ بۇ جايلار تاغ ـ ئورمان ئىكەن،
گويا مۇستەھكەم بىر قورغان ئىكەن.

قارغايلار قىش ـ ياز ياشاپ بۇ يەردە،
ئىناق ـ ئۇملۇكتە بوپتۇ بىر گەۋدە.

قىشتا ئاپپاق قار ياققان كۈنلەردە،
جۇت ۋە شىۋىرغان ئاققان تۈنلەردە؛

ئۇلار مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ،
جەڭ قىلغان ئىكەن يۇرت غېمىنى يەپ.

كۆكلەمدە چەكسىز شاتلىقتا تولۇپ،
ياشىغان ئىكەن تەڭ ھوزۇرلۇنۇپ.

زۇمرەت سۇلىرى سەكرىشىپ تاشقا
ئۈنچىدىن چەشمە چېچىشىپ قاشقا،

رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر كەتسە ئېچىلىپ،
مەشۇت گىلەمدەك ھەيۋەت تۇس ئېلىپ؛

مەيىن شامالدا تۇراركەن مەغرۇر
قاپلاپ ۋۇجۇدىن يۈكسەك بىر غۇرۇر.

بۇ يەردە بىر تۇپ قارغاي بار ئىكەن،
ئۆزى مۆيسىپىت، ئەقىلدار ئىكەن.

ھەممە ئاڭلاركەن ئۇنىڭ گېپىنى
كۆرسەتكەن ئەقىل، پىكىر، دىتىنى.

ئەلدە بار ئىكەن ئىززەت-ھۆرمىتى،
يۇرتتا چوڭ ئىكەن نام، ئىناۋىتى.

بىر كۈنى تاققا سېغىزخان كېلىپ،
ئەتراپقا، كۆپكە بىر نەزەر سېلىپ.

دەپتۇ شاراخلاپ: "دىققەت قىلىڭلار،
گېپىمگە مېنىڭ قۇلاق سېلىڭلار:

ئىنسانلار ئۇزاق ۋاقىتلار ئويلاپ
ياساپ چىقىپتۇ ئاجايىپ ئەسۋاپ.

ئەسۋاپ ئىسمىنى قويۇپتۇ پالتا،
سېپىمۇ ئۇنىڭ ئەمەسكەن كالتا.

خەقلەر قولىنى يولدەپ، يۇمشىتىپ،
ئۇرغاندى ئۇزۇن سېپىنى تۇتۇپ.

نى، نى دەرەخلەر تەسلىم قىلدى جان،
دات-پەريات بىلەن يىقىلىپ شۇئان."

قارغايلار ھەيران تۇرۇشۇپ قاپتۇ،
بىر چوڭ ۋەھىمە تاغنى قاپلاپتۇ.

بارغاندا خەۋەر چوققىغا يېتىپ،
دەپتۇ بەزىلەر ئالدىراپ كېتىپ:

"ھازىرلىنىڭلار، تۇرۇڭلار يەڭنى،
تۇققانلار ئۇچۇن باشلايمىز جەڭنى.

ئۇلسەك بۇ يولدا مەيلى بىز رازى،
قالساق مۇبادا بولارمىز غازى.“

تاش ئۈستىدىكى قارغاي سوز ئېلىپ،
دەپتۇ: ”ھېكمىتىن كورسەتسۇن كېلىپ.

ئاڭلىغان گەپتىن قىلىپ چوڭ تەشۋىش،
ئالدىراپ خاتا باشلىمايلى ئىش“

قاپتالدا، پەستە تۇرغان توپ قارغاي
دەپتۇ پالتىنى كوزىگە ئىلماي:

”بەلكىم پالتىمۇ پۇشتىمىز بولار،
كورسەك تونۇشۇپ خۇشتىمىز تولار.

بىزچە ئۇنىڭدىن قىلمايلى ۋايىم،
ئەندىشە بىلەن ئوتمەيلى دائىم.“

شۇ چاغ مويسىپىت قارغاي سوز ئېلىپ
(باياتىن تۇرغان ئىكەن سەپسىلىپ)،

قەددىنى رۇسلاپ تەمكىنلىك بىلەن
سوراپتۇ سوئال غەمكىنلىك بىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

"ئوزىگە شۇنچە سالمىغان يۇگەن،
پالتىنىڭ سېپى نىمىدىن ئىكەن؟"

"سېپى ياغاچتىن، — دەپتۇ سىغىزخان
گەپنى ئوزىچە شەرھىلەپ شۇئان، —

ھېكمىتى ئۇنىڭ سېپىدە ئىكەن،
سېپىمۇ شۇنداق ئېپىدا ئىكەن.

ئۇستىلار ئۇنىڭ سېپىنى تۇتۇپ،
ياغاچ ئەھلىنى قىردى يوقىتىپ.

رەھىمسىز شۇمنىڭ نەسلى تومۇركەن
تەلەتى سورۇن، رەڭگى كومۇركەن.

بىزنىڭ يۇرتىمىكى كوركەم دەرەخنى،
كوزىگە ئىلماي شۇنچىلا خەقنى،

بىر باشتىن چۇشۇپ چاندى راسا،
ئورلىدى كوككە پەريات ۋە ھازا."

سىغىزخان شاختىن كېتىپتۇ ئۇچۇپ،
شىشىدەك سۇزۇك ئاسماننى قۇچۇپ.

× ×

قارغايلار تۇرۇپ ئويلىنىپ قاپتۇ،
تالاي ئىشلارنى ئېسىگە ئاپتۇ.

قۇۋزاقلىرىدىن غەزەپ تېشىپتۇ،
يوپۇرماقلىرى پەچىرلىشىپتۇ.

مويسىپىت قارغاي تۇتۇپ ئوزىنى
داۋام قىلىپتۇ يەنە سوزىنى:

"بالا كەلمىسۇن ئوز قېرىنداشتىن،
ئېيتىپ كەلدىمەن بۇ سوزنى باشتىن.

قېرىنداشلاردىن كەلسە يامانلىق
بولمايدۇ ئەلگە ئەسلا ئامانلىق.

ئوتكەن ئىشلارغا خەير، سالاۋات،
ئۇيۇشايلى چىڭ تېپىشقا نىجات.

بىرلىك بولماستىن تىرىكلىك بولماس،
ئوملەشكەن كۇچنى ھېچكىم بۇزالماس.

جېكىيمەن يەنە، بولماي ئارسالدا
ھۇشيار تۇرۇڭلار جەڭگە ھەر ھالدا.“

ھەممە زەڭ قويۇپ ئاڭلاپتۇ گەپنى،
تەييارلىق قىپتۇ بەرمەي پۇرسەتنى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ بولۇپتۇ كېچە،
قاپلاپ ئورماننى زۇلمەت ئۆزگىچە.

ئەتراپلار جىمجىت سۈكۈتتە ئەنسىز،
(پەقەت تاغ سۈيى ئاقاركەن غەمسىز)

نەدىندۇ كەپتۇ ھۇقۇشنىڭ ئۈنى
تىنماي سايرايمىش شۇمپەن شۇ تۈنى.

قاپتالدا ئۆسكەن بىر تۈپ قارىغاي
تۇراركەن بىغەم پەرۋامۇ قىلماي.

بىر چاغ تۇيۇقسىز ئاۋاز ئاڭلىنىپ،
كەپتۇ ئادەملەر پالتىلار ئېلىپ.

بىغەم قارغاينىڭ يېنىغا كېلىپ،
يەڭنى شۈمەيلەپ، چاپاننى سېلىپ.

تەرەپ - تەرەپتىن تېگىپ چاناشقا،
باشلاپتۇ ھۇجۇم ھەممە ياغاچقا.

تاق-تۇق ئاۋازلار ياڭراپتۇ كوككە،
بىر چىرڭ خەۋپنى يەتكۈزۈپ كوپكە.

پالتىنىڭ سېپى ئويناپتۇ چىرڭ رول،
تىغنى تەككۈزۈپ قارغايغا ئۇدۇل.

قارغايلار كورۈپ لەنەت ئوقۇپتۇ،
بىرسى بىرسىنى ئاستا نىقۇپتۇ.

يىلتىزلىرىنى يېقىن ئېپكېلىپ،
مەھكەم تۇتۇشۇپ چىڭ گىرە سېلىپ،

ئىغاڭلاپ ئاستا يېقىنلىشىپتۇ،
شاخلارمۇ جىددى ئېقىللىشىپتۇ.

شامالمۇ ئوتمەس بىر گەۋدە بولۇپ،
ۋۇجۇدى كۆچكە، غەزەپكە تولۇپ،

دۈشمەنگە قارشى، خائىنغا قارشى،
ياڭراپتۇ بىردىن كۆرەشنىڭ مارشى.


AltunOq

تۇس ئاپتۇ قالتىس ھەيۋەتلىك ئۇرمان،
چىقىپتۇ بىردىن شىددەتلىك بوران.

كەپتۇ چوڭ - كىچىك ھەركەتكە تولۇق،
مەدەكلەر بولۇپ ئېتىلىپتۇ ئوق.

يېغىپتۇ يەنە تاش بىلەن شىغىل،
تۇرۇپتۇ جەڭدە ئۇلارمۇ دېدىل.

وران گۈكرەپ دېڭىز تاشقاندەك،
مىڭلىغان يىلقا ئۈركۈپ قاچقاندەك،

باغلار، جىلغىلار كەپتۇ لەرزىگە،
كوتىرىلىپتۇ جەڭ راسا ئەۋجىگە.

ئارقىدىن ۋال - ۋۇل چاقماق چېقىپتۇ،
شاقىراپ دەھشەت يامغۇر يېغىپتۇ.

تاغدىن، يۇقۇرىدىن بىر تاشقىن كېلىپ،
نەرە تارتىپتۇ پەسكە يول ئېلىپ.

ياغاچ كەسكەنلەر قورقۇپ كېتىپتۇ،
ئويمانغا، غارغا ئوزىنى ئېتىپتۇ.



يوقاپتۇ ئۇلار، بولۇپتۇ ۋەيران،
بىرلىك كۆچىدىن قىلىشىپ ھەيران.

تۈن پەردىسىنى يىغىپ كېتىپتۇ،
سۇبھى كوتىرىلىپ تاڭمۇ ئېتىپتۇ.

ئورمانغا ئالتۇن نۇرلار چېچىپتۇ،
قارغايلار گۈلگۈن چىراي ئېچىپتۇ.

ھۆسنى، قامىتى نۇردا يورۇپتۇ،
ياپراقلار چاقناپ بەرخ ئۇرۇپتۇ.

قارىسا نۇرغۇن قارغايلار يەردە،
جانسىز ياتارمىش ئاشۇ سەھەردە.

ياتارمىش شېھىت بولۇپ ئارماندا،
شېرىن ئارزۇلار قىلىپ جاھاندا.

ئەلەم ـ ھەسرەتتە باغرىنى مۇجۇپ،
ياتقانمىش خۇشبۇي گۈللەرنى قۇچۇپ.

قارغايلار يەنە بولۇشۇپتۇ جەم
تۇتۇپتۇ ئۇلار ئۇچۇن چوڭ ماتەم.

مويسىپىت قارغاي ئوتتۇرىغا چىقىپ،
شىھىلەر ياتقان تەرەپكە بېقىپ،

قاپلاپ كوڭلىنى ئەلەم بىلەن دەرت
قىلىپتۇ مۇنداق چوڭقۇر نەسىھەت:

"بۇلار ئەزەلدىن يېڭىلگەن ئەمەس،
دۈشمەن بۇلارنى يەڭمىگىمۇ تەس.

بىراق، پالتىنىڭ سىپى بىزنىڭ زات،
يەڭدى شۇڭلاشقا قەيسەرلەرنى يات.

پەندىيات ئەمدى ساپ بەرمىگەيمىز،
قانلىق ساۋاقتىن گەپنى يىگەيمىز.

پالتا ئوزىدىن قورقماڭلار ئۇنچە،
قورقۇڭلار ئۇنىڭ سىپىدىن شۇنچە."

مۇسىبەتلىكتە ھەممە جىم تۇرۇپ،
قوشۇمىسىنى تۇرۇپ ئويلىنىپ.

تەكرارلىشىپتۇ قايتا بۇ گەپنى،
يۇتۇپ ئىچىگە ھەسرەتنى، دەرتنى:

www.uyghurkitap.com

"پالتا ئۆزىدىن قورقماڭلار ئۆنچە،
قورقۇڭلار ئۆنىڭ سىپىدىن شۇنچە."

ئويلىغانسېرى توغرا تېپىپتۇ،
كوپ ئوتمەي بۇ گەپ تاراپ كېتىپتۇ.

بۇ ماقال ئەلگە شۇندىن قاپتىكەن،
خەلق كوڭلىدىن ئورۇن ئاپتىكەن.

Altunoq

## دانىشمەن بالا

(شېئرى چۆچەكلەر)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1980 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
1981 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098·444
باھاسى: 0.29 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**聪 明 孩 子**
（童话诗集）
努尔买买提扎曼编著
（维吾尔文）
新疆人民出版社出版
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 5 印张 1 插页
1980年11月第1版 1981年2月第1次印刷
印数：1— 15,000
统一书号：M10098·444 定价：0.29元

مۇقاۋا ۋە: تاشپۇلات ئىشلىگەن
رەسىملىرىنى

رازىيەم كۆچۈر

书　　号：10098.444
定　　价：　0.29 元